بسم الله الرحمن الرحيم

واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا



# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

## المسلم الصينى

3

1996

مجلة اسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇۋەققەت مۇدىر ۋۇ جياچىن باشچە-
لىقىدىكى ۋېيتنام دىن كومىتېتىنىڭ ۋەكىل-
لەر ئۆمىكى 5-ئاينىڭ 15-كۈنى جۇڭگو
ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلغاندا، مۇئا-
ۋىن رەئىسلەر ۋەن ياۋبىڭ، ئابدۇرەھىم ئە-
مىن، شەمشىدىن ھاجىلار مېھمانلار بىلەن
دوستانە سۆھبەتلەشتى ۋە خاتىرە ئۈچۈن
سۈرەتكە چۈشتى.



شىنجاڭ باي ناھىيىسىدىكى دىنىي
زاتلارنىڭ ئىچكىرى رايونلارنى ئېكسكۇرسى-
يە قىلىش ئۆمىكىدىكىلەر 9-ئاينىڭ 21-
كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت
قىلغاندا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇ-
ئاۋىن رەئىسلىرى ما شيەن، ما يۈنفۇ، شەم-
شىدىن ھاجى ۋە مۇئاۋىن باش كاتىبى
مالىك ميان قاتارلىقلار قىزغىن كۈتۈۋالدى
ۋە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.



جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ بەش
يىللىق تولۇق كۇرس سىنىپىغا ئوقۇغۇچى
قوبۇل قىلىش بويىچە، ئۈرۈمچى ئىمتىھان
نۇقتىسىدا قاتتىق تەلەپ بويىچە ئىمتىھان
ئېلىندى. سۈرەتتە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيە-
تىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام
ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى
شەمشىدىن ھاجى، شىنجاڭ مىللەتلەر-دىن
ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ دىن ئىشلىرىغا مەس-
ئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى ئابدۇرىشىت نىياز
ھاجى، شىنجاڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئا-
ۋىن رەئىسى ئىمام ھەسەن ھاجىلار ئىمتىھان
مەيدانىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

## «قۇرئان كەرىم»دىن

بسم الله الرحمن الرحيم

يا أيها الذين آمنوا كتب عليكم الصيام كما كتب على الذين من قبلكم لعلكم تتقون أياما معدودات

"ئى مۆمىنلەر! (گۇناھلاردىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرگە) روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرگىمۇ (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى. (بۇ پەرز قىلىنغان روزا) ساناقلىق كۈنلەردۇر" (2-سۈرە، 183 — 184-ئايەتلەر).

(خەتتات: سالىھ)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

## ھەدىس شەرىپتىن

الدنيا مزرعة الآخرة

اعمل لدنياك كانك تعيش ابدا
واعمل لآخرتك كانك تموت غدا

(بۇ) دۇنيا ئاخىرەتنىڭ ئېتىزىدۇر.

* * *

بۇ دۇنيايىڭ ئۇچۇن تىرىشقىن گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك، ئاخىرەتىڭ ئۇچۇن تىرىشقىن گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك.

(خەتتات: سالىھ)

## مۇندەرىجە


ئىسلام دىنى ۋە زامانىۋىلىشىش

........................ ئامۇر جاڭ گۇاڭلىن (5)

### ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

زىنا توغرىسىدا ............... ئابدۇقادىر مەخسۇم (14)

ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

........................ جاڭ يۇڭچىڭ (17)

ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە .............. نەفىسە (23)

### ئىسلام ئەقىدىلىرى

روزا تۇتۇش ............... مۆھتەرەم ھاجى (29)

### ۋەز

مۇسۇلمانلار قانداق قىلغاندا تەقۋادار بولالايدۇ؟

........................ لى شۈۋېي (37)

### ئالىم ۋە ئۆلىمالار

"شەيخۇل ئەزھەر" دېگەن ۋەزىپە ئۇنۋانى ۋە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن شەيخ ............. ئابدۇماناپ (42)

قارىي ھەبىبۇللاھنىڭ نىڭشيادا ئىلمى تەجۋىدنى تار-قىتىشى ..................... جىن جەنشياڭ (43)

### ياش ئالىملىرىمىز

مەملىكىتىمىز خىمىيە ساھەسىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر دوكتور ئاشتى (پوستدوكتور) ياش خىمىيە ئالىمى زەپەر ئابلىز

........................ ئەنۋەر مۇھەممەد (45)


# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

中国穆斯林

CHINA MUSLIM

(پەسىللىك ژۇرنال)


باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى
تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مەسئۇل مۇھەررىر: رىشىت ۋاھىدى
تېخنىك تەھرىرى: ئابلىز قاسىم
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئېلى
تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى
باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر داشۆسى باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
(بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ)
پوچتانومۇرى: 100053 تېل: (010)63513181
شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى: ئۈرۈمچى يەنئەن كوچىسى
119-قورۇ پوچتانومۇرى:830001 تېل:(0991)2865729

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
主　　编：夏米西丁哈吉
责任编辑：热西提・瓦依提
技术编辑：阿布力孜・卡斯木
封面设计：艾　力
激光照排：中国民族语文翻译中心
印　　刷：中央民族大学印刷厂
发行订阅：《中国穆斯林》维文编辑部
（北京宣武区南横西街103号）
邮政编码：100053 电话：(010)63513181
新疆发行站：乌鲁木齐延安路119号
邮政编码：830001 电话：(0991)2865729

www.uyghurkitap.com

## بلم گۈلزارى

دۇنيا بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ سانى 1 مىليارد 200 مىليونغا يەتكەن........ (48)

## ئىسلام دۇنياسى

سەئۇدى ئەرەبىستانى بازىرىغا بىر نەزەر ........ ئابدۇرەھىم ئىمىن (49)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىئانە قىلدى ........ ھاجى مەھمۇدى (54)
قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېت 2-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىلدى ........ ياقۇپ ھاجى(54)
تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلدى ........ شاھمەردان (55)
بۈگۈر ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ...... تۇيغۇن ئابدۇرەھىم (55)

## خەۋەرلەر

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى قەشقەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى ........ ياقۇپ ھاجى (56)
باي ناھىيىلىك دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش ئۆمىكى بېيجىڭغا كەلدى ........ ھاجى مەھمۇدى (56)
قەشقەر شەھىرىدە مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار تەكشۈرۈلدى ........ ياقۇپ ھاجى (58)
تۇرپان ۋىلايىتىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئاپەتكە ئۇچرىغان توقسۇن ناھىيىسىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى ........ شاھمەردان (58)
ئابلىز مەخسۇم ھاجىم خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى ........ ياقۇپ ھاجى (59)
قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ........ ياقۇپ ھاجى (60)
پىچان ناھىيىسىدە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى ........ شاھمەردان (60)
ئاقساقمارال يېزىسىدا دىنىي ئىشلار خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە........ مۇھەممەت ئەمەت (61)
ئاقتۇ ناھىيىسى نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى ...... سايرا يۇسۇپ (61)

## ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ........ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (62)
ژۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر ........ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى (64)

مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى

★ 9-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى ★

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# ئىسلام دىنى ۋە زامانىۋىلىشىش

ئامۇر جاڭ گۇاڭلىن

ئۇزاق تارىختا ئىگە بولغان دىن ۋە دىنىي
مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى ھازىر بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان
زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى بىلەن باغلاپ قارىشىمىز-
دىكى مەقسەت، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش
جەريانىدا بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىشقا
توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان
بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىشقا توغرا كېلى-
دىغانلىقىنى، ئىنسانلار تارىخىدا مەۋجۇت بولغان
ھەر خىل تەلىماتلار بىلەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلەر-
دىن، جۈملىدىن دىنىي مەدەنىيەتتىن پايدىلىق تەر-
كىبلەرنى قوبۇل قىلىپ ۋە ئەينەك قىلىپ ئۇلاردىن
ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان غايە ۋە باغلىنىشلىق
نۇقتىلارنى، يەنى تىنچلىق، يۈكسىلىش ۋە يورۇق-
لۇقنى تېپىپ چىقىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈشتىن ئىبارەت. ئىسلام دىنىنى زامانىۋىلاش-
تۇرۇش بىلەن باغلىغىنىمىزدا، ئىسلام دىنىنى ۋە
ئىسلام دىنى خىزمىتىنى قانداق قىلىپ دۆلەتنىڭ
زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى ئۇلۇغۋار
نىشانىسىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ۋە ماسلاشتۇرۇشنى
مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. پەلسەپە كاتېگورد-
يىسىگە تەۋە بولغان دىنىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بى-
لەن باغلاش بولسا بارلىق دىنىي ساھەدىكىلەر،
ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر ۋە دىن خىزمىتى خا-
دىملىرىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مە-
سىلىدە دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ كېتەلىشىنى،
ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى ۋە تەپەككۇرىنى زامانىۋى-
لاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ، ئۇلار ئۆزىنى زامانى-
ۋىلاشتۇرۇش دەرىجىسىگە قويغاندىلا مەملىكىتى-
مىزدىكى دىنلارنى ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ھەر
مىللەت ئاممىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا
مۇناسىپ يولغا يېتەكلىيەلەيدۇ.

**1 . مەملىكىتىمىزدە ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى ئاساسىي ئەھۋالى**

ئىسلام دىنى تاڭ سۇلالىسىدا مەملىكىتىمىزگە
كىرگەن بولۇپ، 1300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا
ئىگە. بۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، مەملىكىتىمىزدى-
كى ئون ئاز سانلىق مىللەتنىڭ پۈتۈن ئاھالىسى
دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى. ئەڭ يېڭى
نوپۇس ستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ ئون مۇسۇلمان
مىللەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 18 مىليوندىن ئار-
تۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر يىلى مەلۇم پىرسەنتتىن
كۆپىيىۋاتىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىكى تەكشۈ-
رۈش نەتىجىلىرىدىن مەلۇمكى، مەملىكىتىمىزدىكى
باشقا مىللەتلەردىن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغۇچى-
لارنىڭ سانىمۇ كۆپىيىپ قالدى. خەنزۇ، زاڭزۇ،
موڭغۇل، دەيزۇ، بەيزۇ قاتارلىق مىللەتلەر ئارىسىدا
ئىسلام دىنىغا كىرگۈچىلەر ئۈزۈلمەيۋاتىدۇ. ھۆكۈ-
مەت بۇ جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش
ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ تەشكىلات، مەكتەپ،
ژۇرناللارنى تەسىس قىلىشىغا ياردەم بەردى، ئۇلار-
نىڭ دىنىي ئىشلار خىزمىتى ۋە چەت ئەللەر بىلەن
دوستانە بېرىش-كېلىش ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇ-

شنى قوللىدى. مەملىكىتىمىزدە ھازىر ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن 422 سى بار. بۇ جەھەتتىكى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كادىرلار ۋە باشقۇرۇش خادىملىرى ئون مىڭدىن ئاشىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇش جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمىتىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ھەر يىلى مەلۇم مىقداردا مەبلەغ ئاجرىتىپ، ھەرقايسى جايلاردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كونا مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىنىشىغا، زۆرۈر بولغان يېڭى مەسچىتلەرنى سېلىشىغا ياردەم بېرىۋاتىدۇ. ھازىر مەملىكەت بويىچە 33 مىڭدىن ئارتۇق مەسچىت بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئاساسەن مەسچىت بار بولدى. مەسچىتلەردىكى ئاخۇنلار 42 مىڭدىن ئارتۇق بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا ياردەم بېرىش، دىنىي ئىشلىرىنى بېجىرىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ۋە دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالماقتا. مەسچىت-مەدرىسلەردە ئوقۇۋاتقان تالىپلار 26 مىڭدىن ئاشىدۇ؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش بولغاندىن بېرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ توققۇز ئىسلام ئىنستىتۇتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە يېڭىدىن تەسىس قىلىندى؛ بۇ ئىنستىتۇتلاردا مىڭدىن ئارتۇق تالىپ ئوقۇۋاتىدۇ؛ چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقىرىلغان ئوقۇغۇچىلار سانىمۇ يىلدىن-يىلغا ئېشىۋاتىدۇ؛ بۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنى ئىزباسارلىرىنى ۋە ئالىي دەرىجىلىك دىنىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى مۇۋاپىق ھەل قىلىنىپ، خەلقئارادىمۇ ياخشى تەسىر قوزغىدى.

موشۇنداق زور ئېتىقادچىلار قوشۇنى تۇرغان يەردە، ئۇلارغا قانداق قىلىپ سىياسەت، قانۇن بويىچە مۇئامىلە قىلىش، ئۇلار ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىننى ۋە مىللەتلەر بىرلىكىنىڭ دىنىي مەدەنىيىتىنى قانداقىسىگە توغرا تونۇپ، ئۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ھەر دەرىجىلىك دىن خىزمىتى تارماقلىرى، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم بىر تەتقىقات تېمىسى بولۇپ قالدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن سانلىق مەلۇماتلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا، ئىسلام دىنى يەنىلا ناھايىتى چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ۋە خەلقئارا تەسىرگە ئىگە. بولۇپمۇ مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال رايونىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ گەۋدىلىك، ئۇ كۆپ ھاللاردا مىللىي ھېسسىيات بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇڭا بىرمۇنچە مۇتەخەسسىس-ئالىملار ئىسلام دىنىنىڭ مەملىكىتىمىزدە ئىپادىلىنىۋاتقان خىلمۇخىل ئىپادىلىرىنى يىغىنچاقلاپ ئۇنى ”مىللىي دىن“ دەۋاتىدۇ. يۇقىرىقى سانلىق مەلۇماتلار ئىسلام دىنىنىڭ مەملەكىتىمىز جەمئىيىتىدە ئىپادىلىنىۋاتقان بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى پەقەت تاشقى شەكىل جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بۇ شەكىل بىلەن باغلانغان مول مەزمۇنى، يەنى جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە دىنىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىمۇ بار. ئالدى بىلەن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنى دىنىي تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن كەڭ-كۇشادە تەمىنلەۋاتىمىز؛ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان بەزى دىنىي كىتاب، كالېندار ۋە باشقا لازىمەتلىك بۇيۇملارنى ھەر دائىم نەشر قىلىپ ۋە ئىشلەپ ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇۋاتىمىز؛ بىز دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەر يىلى بەش مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج تاۋاب قىلىشىغا ياردەم بېرىۋاتىمىز؛ ئۇلارنىڭ سەپەرگە چىقىش ئالدىدىكى تەربىيىلىنىش خىزمىتىنى

ياخشى ئىشلەۋاتىمىز، ئۇلارنى ئۆمەك-گۇرۇپپىلارغا ئۇيۇشتۇرۇپ، ھۆددىگە ئالغان مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ بېرىپ كېلىۋاتىمىز؛ ئۇلارنىڭ چەت ئەلدىكى تۇرار جايى، يېمەك-ئىچمەك، قاتناش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەج تاۋاب پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن مەمنۇنىيەت بىلەن قايتىپ كېلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىۋاتىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجرا قىلىۋاتقىنى دۆلىتىمىز ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئاقىلانە دىنىي سىياسەت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياستى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى بېيىشقا مۇۋەپپەق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزىنىڭ دىنىي پەرزلىرىنى ئادا قىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى پاكىتلار ئارقىلىق، بىز شۇنى تامامەن مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىزكى، ھازىرقى جۇڭگو جەمئىيىتى ئىسلام دىنىنىڭ نورمال مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى، ھازىرقى دەۋر ئىسلام دىنى جۇڭگوغا كىرگەندىن بۇيانقى ئەڭ ياخشى دەۋر ھېسابلىنىدۇ. مەيلى ئىسلام دىنى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار بولسۇن ياكى دىن ئۆلىمى تەتقىقاتچىلىرى بولسۇن، بۇ مەسىلىنى چۈشىنىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا مۇشۇ ياخشى شارائىتتا پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىپ، مۇسۇلمانلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مىللىي مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش، مىللىي ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلام دىنىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىش ۋە تەتقىق قىلىشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنى تېخىمۇ توغرا نەزەرىيە ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى، راۋاج تېپىشى ۋە يۈكسىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرەلەيدۇ.

## 2. مۇسۇلمانلار ئالدىدىكى ئوبدان پەيت ۋە جەڭ چاقىرىقى

ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ھازىرقى جەمئىيىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي يۆزلىنىشى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش باشلانغان ئون نەچچە يىلدىن بېرى، مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت ئاساسى ياخشىراق بولغان شەرقىي رايونىنىڭ ئىگىلىكى يېڭى بالداقتا كۆتۈرۈلدى. گەرچە غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىگىلىكىدىمۇ كىشىنى خۇشال قىلارلىق ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما شەرقىي رايونلار بىلەن غەربىي رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يەنىلا ناھايىتى زور بولۇۋاتىدۇ. مەركەز بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇردى، يولداش جياڭ زېمىن ئۆتكەن يىلى چاقىرىلغان 5-ئومۇمىي يىغىندا "سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىرقانچە مۇھىم مۇناسىۋەتنى توغرا بىرتەرەپ قىلىش ھەققىدە توختالغاندا نۇقتىلىق ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلار بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ماسلىشىشى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىشى، تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۈستۈنلۈك سانائىتى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى پەيدىنپەي ئىقتىسادىي ئۈستۈنلۈككە ئايلاندۇرۇشى لازىم." مەركەز يەنە "مەركەز مالىيىسىنى چىقىم قىلىشنى يۆتكەپ، ئۇنى تەبىئىي بايلىقنى ئېچىش ۋە ئاساسىي ئەسلىھە قۇرۇلۇشى تۈرلىرىگە ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇش، ئوتتۇرا ۋە غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا مەدەت بېرىش، تەبىئىي بايلىق خاراكتېرىدىكى مەھسۇلاتلارنىڭ باھا سىستېمىسىنى راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر"نى قوللىنىدۇ. غەربىي رايون ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە تېزلىتىش ئۈچۈن، مەركەز مايىللىق

www.uyghurkitab.com

سىياسىتىنى قوللاندى، بۇنداق قىلىش غەربىي رايون خەلقى ئۈچۈن بىر ياخشى پەيت. ئىنچىكىلەپ ئېيتقاندا، بىرىنچىدىن، مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي رايونى غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇ يەردە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئون ئاز سانلىق مىللەت ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ نوپۇسى 14 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇسۇلمانلار نوپۇسىنىڭ 80 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار مەركەزنىڭ مايىللىق سىياسىتى دائىرىسىدە بولۇپ، نۆۋەتتە ئۇلار يېڭى بىر تەرەققىيات پەيتىگە يۈزلەنمەكتە. ئىككىنچىدىن، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۇزاقتىن بۇيان ياشاپ ۋە ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب رايونلىرىنىڭ يېرى كەڭ، مەھسۇلات بايلىقى مول، ئەمگەك كۈچى بايلىقى تولۇق بولۇپ، بۇ رايونلار يېڭى پۇرسەت ۋە زامانىۋىلىشىش جېڭگە يۈزلۈنۈشتە ياخشى تەبىئىي شارائىتقا ئىگە. ئۈچىنچىدىن، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى تارىخىي پەيت ۋە جەڭ چاقىرىقى ئالدىدا ئىگە بولغان تاشقى مۇھىت يېتەرلىك ئەۋزەل. مانا بۇ پەيت ۋە جەڭ چاقىرىقى ئالدىدا ئاساسىي گەۋدە بولغان جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى زادى قانداق بىر گەۋدە؟ تارىخنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن كىشىلەرگە مەلۇمكى، ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى گۈللەندۈرگەن مەزگىلدە مەملىكىتىمىزگە تارقالغان، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سودا-تىجارەت قىلىشقا ماھىرلىق ئېڭى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى، ئۇلاردا ناھايىتى ياخشى سودا-تىجارەت ساپاسى بار. ئۇلارنىڭ پەيتتىن ئوبدان پايدىلىنالايدىغانلىقىغا، رىقابەت جېڭگە ياخشى يۈزلىنەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

بىز ئىسلام دىنى خادىملىرىنى قانداق قىلىپ كەڭ مۇسۇلمانلارنى مەركەزنىڭ غەربىي شىمالنىڭ قۇرۇلۇش قەدىمىنى تېزلىتىش چاقىرىقىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىشىمىز، ئىسلام دىنىنى ھۆكۈمەتنىڭ ئىگىلىك جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك نىشانىغا ئەڭ زور دەرىجىدە ماسلاشتۇرۇشىمىز ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا ماسلاشتۇرۇشىمىز كېرەك؟ يەنى ئۇلارنى روھىي تۇرمۇشى قانائەتلەندۈرۈلگەن شەرت ئاستىدا تىرىشىپ مول ۋە گۈزەل ماددىي تۇرمۇش يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە قانداق يېتەكلىشىمىز كېرەك؟ بىز پارتىيىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىنى قانائەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بىز يەنە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، بىرلىكتە يۈكسىلىش ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە زامانىۋىلىشىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە، باشقىلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئەينەك قىلىشقا، ئىلغار پەن-تېخنىكىنى كىرگۈزۈش ۋە ئۆگىنىشكە، ئىلىم-پەن بىلەن باي بولۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىكەنلىكىنى تونۇشقا يېتەكلىشىمىز ۋە ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا ياردەم بېرىشىمىز لازىم. بىرىنچىدە، غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇبتىكى ھەرقايسى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ئۆز رايونىنىڭ تەبىئىي بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، ئىختىساسلىق خادىملارنى ئاكتىپلىق بىلەن ئۆز رايونىغا كىرگۈزۈشى، تەبىئىي بايلىقلارنى ئېچىشى، ئۆز رايونى، ئۆز مىللىتىنىڭ پەن-تېخنىكا قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈشى ۋە بەرپا قىلىشى كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇبىدىكى بىپايان زېمىن ئېچىشنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان بىباھا گۆھەر زېمىن، بۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسى ياخشى، كۆمۈر ۋە نېفت زاپىسى مول، شۇنداقلا بىپايان

كەتكەن يايلاقلىرى بار. بىز ئۇ يەردە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك ئۇسۇلىنى تەدرىجىي ئۆزگەرتىپ، يەككە كۆچلەرنى كوللېكتىپ ياكى گۇرۇھ كۆچى قىلىپ ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆلەملىك ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشقا، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئاكتىپلىق بىلەن كىرگۈزۈشكە، بۇ ئارقىلىق تەبىئىي بايلىقتىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ ئۆز رايونى ۋە ئىختىساسلىق خادىملىرىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشقا ئىلھام بېرىشىمىز كېرەك.

**3. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلام دىنى خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان بىرقانچە مەسىلىلەر**

ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي، ھەرقايسى ساھەلەر، ھەر ساھەدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا خىزمەت ئىشلىشى كېرەك. ئىسلام دىنى خىزمىتىمىزمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ھازىر ئىسلام دىنى ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا بۇ چوڭ كېلىماتقا ئانچە ماس كەلمەيۋاتقان بەزى ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت:

(1) ھازىر بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ زامانىۋىلىشىش كۆز قارىشى تېخى بىرقەدەر ئاجىز. مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىگىلىك ئانچە راۋاج تاپمىغان غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب رايونىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بىرقەدەر ناچار، مەبلىغى كەمچىل، مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى نىسبەتەن تۆۋەن، پەننىي بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشى، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۆز قارىشنى ئۆزگەرتىشى سەل ئاستا. ئۇلار كۆپىنچە ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك ئېلىپ بارىشقا ئادەتلىنىپ قالغان، ئۇششاق تاۋار ئىگىلىكى ئۇلارنىڭ ئىگىلىك پائالىيىتىدە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى ئازدۇر-كۆپتۇر چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ، ئۇلارنى تاشقى دۇنيادىن كۆپرەك خەۋەردار بولۇشتىن مەھرۇم قىلىپ قويغان. ئىگىلىك ئارقىدا قالغانلىقى ئۈچۈن، بىرمۇنچە جايلاردا قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان. ئۇلار دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي مائارىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا تېخى قادىر بولالمىغاچقا، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرىدە ئوقۇشنى تاشلاپ تىجارەت قىلىش ئەھۋالى خېلى ئومۇمىيۈزلۈك. يەنە بىرمۇنچە ئاما پەقەت دىنىي پائالىيەت بىلەنلا قانائەتلىنىپ، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىشكە كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدۇ ياكى چارە-تەدبىرسىز ياشاۋاتىدۇ. بىزنىڭچە، بۇنداق ئەھۋاللار زامانىۋىلىشىش تەلىپىدىن خېلى يىراق، ئىسلام دىنىنىڭ "ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت ئىزدەش" تەشەببۇسىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بولۇپمۇ مائارىپ جەھەتتە، دۆلەتنىڭ مەجبۇرىي مائارىپىغا مەدەت بېرىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇپ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى بولۇپ، مەجبۇرىي مائارىپنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دىنىنىڭ مائارىپقا ئارىلاشماسلىقى دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئاممىغا مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئىگىلىكنىڭ راۋاج تېپىشىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئايرىلالمايدىغانلىقى، ئاممىنىڭ زامانىۋىلىشىش ئېڭىنى كۈچەيتىشتىن ئايرىلالمايدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك، ئاممىنى كونا كۆز قاراشلارىن ئادا-جۇدا بولۇشقا جۈرئەت قىلىشقا، ئىلگىرىكىلەر قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشقا، قالاقلىقتىن قۇتۇلۇپ زامانىۋىلىشىش، ئىلمىيلىشىش،

باياشات بولۇش يولىغا قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك.

(2) مەزھەپلەر ئىتتىپاقى مەسىلىسى. ئىسلام دىنى مەزھەپلىرى مەسىلىسى بىر تارىخىي مەسىلە، شۇنداقلا بىر ئەمەلىي مەسىلە. ئەمما مەزھەپلەر ماجىراسى مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس چەت ئەللەردىمۇ ئىسلام تەرەققىياتىغا، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا چوڭ بىر چېرماق بولۇۋاتىدۇ. بىز دەۋاتقان مەزھەپ مەسىلىسى ئادەتتە ئىككى جەھەتكە قارىتىلغان: بىرسى، ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە قارىتىلغان، يەنە بىرسى، بىر مەزھەپ ئىچىدىكى مۇناسىۋەتكە قارىتىلغان. ئالدىنقىسىغا قارىتا ھۆكۈمىتىمىز ئىزچىل تۈردە، تەڭ باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئوخشاش قاراش فاڭجېنىنى قوللىنىپ، "ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭكىگە ئەمەل قىلىش، ھەرقايسىسى ئۆزىنىڭكىگە ئېتىقاد قىلىش، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىنى كەمسىتمەسلىك" پرىنسىپى بويىچە ھەل قىلىپ، مەزھەپلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر تەرەپ قىلدى. بىز كۆپ يىللار خىزمەت ئىشلەش ئارقىلىق مەزھەپلەر ئارىسىدىكى ئارازلىقنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈردۇق، ئۇلاردا بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، ئىناق ئۆتۈشتەك كەيپىيات شەكىللەندى. مەزھەپ ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق مەسىلىسى بولسا، نۆۋەتتە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشقا ۋە مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. ئالدىنقى يىللىرى يۈز بەرگەن مەزھەپ ئىچىدىكى قوراللىق توقۇنۇش ۋەقەسى ھەم مىللىي مەسىلە ئەمەس، ھەم دىنىي مەزھەپلەر ماجىراسىمۇ ئەمەس، بەلكى بىر مەزھەپ ئىچىدىكى ھوقۇق تالىشىش مەسىلىسى بولۇپ، ئايرىم يۇقىرى قاتلام زاتلار دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتىگە پەرۋا قىلماي بۇ ۋەقەگە قاتنىشىپ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ناھايىتى زور قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتى ۋە مال-مۈلكىنىمۇ تەھدىتكە ئۇچراتتى. خۇددى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى يولداش لى رۇيخۇەن ئېيتىپ ئۆتكەندەك، دۆلىتىمىزدە ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق تەشكىلات، جۇملىدىن ھەرقانداق دىن قانۇننىڭ ئىززەت-ئابرويىنى قوغدىشى، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىشى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى لازىم. مەيلى مەزھەپ بىلەن مەزھەپ ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا بولسۇن ياكى مەزھەپ ئىچىدىكى ماجىرا بولسۇن ھەممىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزغا پايدىلىق ئەمەس، شۇنداقلا نۆۋەتتە بىز مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ئىسلام دىنى ۋە زامانىۋىلىشىش دېگەن مەسىلىگىمۇ زىت كېلىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى ھۆكۈمەت بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى كۆۋرۈك ۋە رىشتە. ئۇلار ئۇچۇن ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى ياخشىلاش ھازىر ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ قالدى. رەھبەرلەر ئارىسىدىكى، ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىلەن مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئىتى ئارىسىدىكى ئىتتىپاقلىق ۋە ماسلىشىش مۇسۇلمانلارغا باشلامچىلىق قىلىپ، ئۇلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلاندۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى، بۇ بىزنىڭ دىققەت-ئېتىبارىمىزنى قوزغىشى كېرەك.

(3) دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش مەسىلىسى.

مەركەزنىڭ 6-نومۇرلۇق ھۆججىتىدە: "دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش دېگەنلىك دىنغا مۇناسىۋەتلىك قانۇن، نىزام ۋە سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ يولغا قويۇلۇشىنى ھۆكۈمەتنىڭ مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇشى ۋە نازارەت قىلىشىغا قارىتىلغان" دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەندى. بۇ يەردە ئىككى خىل قىلمىشقا چەك قويۇلغان، بىرسى، دىنىي پائالىيەتلەردىن ئاساسىي قا-

نۇن ۋە سىياسەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن
ئىشلارنى باشقۇرۇش كېرەك؛ ئىككىنچىسى، پارتـ-
يىنىڭ دىن سىياستى ۋە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك
قانۇن-نىزاملىرىدىن چەتنەپ، دىنىي تەشكىلاتلار
ۋە ئېتىقادچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئىتىگە
دەخلى-تەرۇز قىلىنغان ئىشلارنى باشقۇرۇش كېـ-
رەك. باشقىچە ئېيتقاندا، ئالدىنقى باشقۇرۇش دىـ-
نىي تەشكىلاتلار ۋە ئېتىقادچى ئاممىغا قارىتىپ
ئېيتىلغان، كېيىنكى باشقۇرۇش بولسا، دىننى باشـ-
قۇرۇش تارماقلىرىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. بۇ ھۆكۈ-
مىتىمىز دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش،
دىن خىزمىتىنى قانۇن يولىغا سېلىش جەھەتتە
باسقان خۇشاللىنارلىق بىر قەدەم. شۇنى دەپ قو-
يۇشقا توغرا كېلىدۇكى، «جىنسىي مۇناسىۋەت ئا-
دەتلىرى» دېگەن كىتاب دېلوسى چىققاندىن كېـ-
يىن، جەمئىيەتتىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەر
يەنىلا يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، تىنچ-ئىتتىپاق
كېتىۋاتقان ياخشى ۋەزىيەتكە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ
مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ھېسسىياتىغا خالىغانچە زە-
رەر يەتكۈزىدىغان ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.
بۇلتۇرقى باھار بايرىمىنىڭ ئالدى-كەينىدە چىققان
«تۇڭگۇز يىلىدا تۇڭگۇز ھەققىدە پاراڭ» ماقالىسى،
بۇلتۇر يىل ئاخىرى چىققان «ئاجايىپ-غارايىپ
جىنسىي نىكاھ ئادەتلىرى» كىتابى قاتارلىق بىرقا-
تار مەسىلىلەر يۈز بەرگەندە، ناۋادا قانۇن ۋاسىتىسى
بولمىغان بولسا، ھەر دەرىجىلىك دىن خىزمىتى
تارماقلىرى ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ بىر-
دەك ھەمكارلىقى بولمىغان بولسا، تەسەۋۋۇر قىلىپ
بولمايدىغان يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ يەنە كېلىپ چە-
قىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، قانۇن
ۋاسىتىسىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، دىن ساھەسىدى-
كى مەسىلىلەرگە، دىن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا بول-
غان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش، يەنى قانۇنلۇقلىرى-
نى قوغداش، قانۇنسىزلىرىغا تەربىيە بېرىش، قا-
نۇنغا خىلاپلىرىنى تۈسۈش، جىنايەتكە ياتىدىغانلى-
رىغا زەربە بېرىش لازىم.

(4) دىن ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش مە-
سىلىسى ھەققىدە. مەركەزنىڭ 19-نومۇرلۇق
ھۆججىتىدە ئاللىبۇرۇنلا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگە-
نىدى: "ياش بىر ئەۋلاد ۋەتەنپەرۋەر دىنىي خادىمـ-
لارنى پىلانلىق تۈردە يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەش
مەملىكىتىمىزدىكى دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ كەلگۈ-
سى قىياپىتى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە
ئىگە." بۇنىڭدىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي
ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھمىيەت
بېرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. جۇڭگو ئىسـ-
لام ئىنستىتۇتىنى مىسالغا ئالساق، 1982-يىلى
مەملىكەت بويىچە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئەسـ-
لىگە كەلتۈرۈلگەندىن بېرى، ئەرەبچە، خەنزۇچىنى
ئوخشاش پىششىق بىلىدىغان ھەم ئەخلاقلىق، ھەم
قابىلىيەتلىك مۇنەۋۋەر دىنىي ئىختىساسلىق خادىمـ-
لاردىن نەچچە يۈزنى يېتىشتۈردى؛ ئۇلار ئىسلا
ھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتىدىن كېيىن شەكىللەنـ
گەن ئۆگىنىش مۇھىتىدا زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاسىـ-
تىلىرى ئارقىلىق چەت ئەل تىلى، دىنىي بىلىم ۋە
پەن-مەدەنىيەت بىلىملىرى قاتارلىق جەھەتلەردە
خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. شۇ-
نىڭغا خۇرسەنمىزكى، ئۇلار جەمئىيەتكە چىققاندىن
كېيىن، مەملىكىتىمىزدىكى دىنىي خادىملار قوشۇ-
نىنىڭ ئومۇمىي ساپاسى مەلۇم دەرىجىدە ئۆستى.
دىنىي تەشكىلاتلار، دىنىي ئىنستىتۇت-مەك-
تەپلەرنىڭ تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش كۈچىمۇ زور
دەرىجىدە تولۇقلاندى، ئاخۇن-موللىلارنىڭ كەسـ-
پىي سەۋىيىسىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش
بولدى. لېكىن بۇ ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ
ئۇزاق ئۆتمەيلا، بەزىلىرى دۆلەت ئىچىدىكى
چوڭ-كىچىك شىركەتلەر تەرىپىدىن تىجارەت قىـ-
لىشقا، تەرجىمانلىق قىلىشقا تارتىپ كېتىلدى، بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com

ئەھۋال بىزنى بىرئاز تەشۋىشكە ۋە بىئاراملىققا سې-
لىۋاتىدۇ. زامانىۋىلىشىش ھەم ھازىرقى ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، پەن-تېخنىكىنى
يۈكسەلدۈرۈش، مەملىكىتىمىزنىڭ قالاق قىياپىتىنى
ئۆزگەرتىش ئۈچۈن دۆلەت نۇرغۇن ئالىي دەرىجە-
لىك ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج؛ ھازىرقى
ئىسلام دىنى خىزمىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، بۇ-
رۇنقىغا قارىغاندا نۇرغۇن ئوخشىماسلىقلار مەيدانغا
كەلدى، ئاخۇن-موللىلارنىڭ ئالدىدىكىلەر ئىلگى-
رىكىدەك ساۋاتسىزلار ۋە تومپايلار ئەمەس، ئىسلام
دىنى تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىمۇ نوقۇل دىنىي
ئىشلارلا ئەمەس؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش مۇھىتىدا
ئاخۇن-موللىلار دىنىي ئەمەللەرنى ياخشى قىلالاي-
دىغان، خېلى يۇقىرى دىنىي بىلىمگە ئىگە بولۇپلا
قالماستىن جەمئىيەت بىلەن ئۇچرىشىش، دىپلوما-
تىيە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىقتىدارى-
غىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك، ئۇلار ئەرەب تىلىنى
پىششىق بىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىيات يۆزلە-
نىشىنى ئىگەللەپ، كەڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن
ئېتىراپ قىلىنىشى ۋە ئۇلارنى قايىل قىلىشى كې-
رەك. ھالبۇكى، مەملىكىتىمىزدىكى توققۇز ئىسلام
ئىنىستىتۇتى يېتىشتۈرۈپ چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ
زور كۆپچىلىكى ھازىرقى جەمئىيەت ئېھتىياجىغا
ماس كېلىدىغان، ئىسلام دىنى ئىشلىرىنىڭ ھۆددى-
سىدىن چىقالايدىغان ئىختىساسلىق خادىملاردۇر،
ئۇلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇغان دىنىي بىلىملەرنى
چۆرۈۋېتىپ تىجارەت ۋە تەرجىمانلىققا كېتىپ قېلى-
شى كىشىنى بىرئاز ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. ئېھتىمال
بۇمۇ ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ سىرتقا ئېقىشى
ھېسابلىنار. بۇنداق ئەھۋالنىڭ داۋاملىشىۋەر-
مەسلىكىنى، دىن ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش مە-
سىلىسىگە ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىنى ئۈمىد
قىلىمىز. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن
بېرى، ھەرقايسى ئىسلام تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمە-
تىگە نۇرغۇن يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى، ئۇلار
دىنىي ئىشلار ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى مەر-
كەز قىلىپ ھەم بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن ھالدا
دىنىي مائارىپنى يولغا قويۇپ، دىنىي ئىختىساسلىق
خادىملارنى يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ؛ چەت ئەللەر بىلەن
بولغان دوستانە بېرىش-كېلىشنى كەڭ كۆلەمدە
قانات يايدۇرۇپ، ئەرەب ئەللىرى ۋە ئىسلام ئەللىرى-
دىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان دوستانە مۇناسى-
ۋەت ۋە ئىلىم-مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى تەرەققىي
قىلدۇرۇۋاتىدۇ؛ ئۇلار يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنىي
ھوقۇق-مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتىدۇ؛ ئۇلارغا
ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش
ۋە ئۆز-ئۆزىنى قامداش جەھەتتە تۆھپە قوشۇش
ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، دۆلەتنىڭ يۈكىنى يەڭ-
گىللىتىۋاتىدۇ.

**4. ئىسلام دىنى تەتقىقاتى مەسىلىسى توغرىسىدا**

دىن بىر خىل ئىدېئولوگىيە ۋە ئىدىيىۋى
ئېتىقاد بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ نەزەرىيە
سىستېمىسى ۋە قىممەت يۆزلىنىشىگە ئىگە. ئۇ بىر
چوڭقۇر بىلىم، دىن ئېتىقادچىلىرى دىن ھەققىتىگە
ئىشىنىدىغانلىقى ئۈچۈن دىنىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە
بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە ھەم ئىگىلەشكە تىرىشىشى
زۆرۈر. ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى دىننى تەتقىق
قىلىشتا ئۇنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە يۈزلىنى-
شىنى ئىگىلەشنى، ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن
ساھەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆزىتىشنى،
ئۇنىڭ ھازىرقى جەمئىيەتتە بولغان رولى ۋە تەسى-
رىنى تونۇشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان ئۇن
نەچچە يىلدىن بېرى، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام
دىنى تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى تەتقىق قى-
لىش جەھەتتىكى نەتىجىلىرىمۇ خېلى كۆزگە كۆ-
رۈنەرلىك بولدى، ئۇلار بىرمۇنچە ياخشى نەزەرىيە-

جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

ۋى ماقالىلەرنى ۋە ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى، قىممىتى بار تارىخىي ماتېرىياللارنى ۋە ماتېرىياللار توپلاملىرىنى رەتلەپ، توپلاپ چىقتى، مول مەزمۇنلۇق لۇغەتلەرنى تۈزۈپ چىقتى، كۆپچىلىكنىڭ بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلىرى ھەممىگە ئايان. بۇرۇن بەزىلەر مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلام دىنى تەتقىقات قوشۇنىنى ئۈچ تارماققا بۆلگەنىدى، بىر تارمىقى ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنى ئاساس قىلغان پەن تەتقىقات قوشۇنى؛ بىر تارمىقى دىن سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشنى ئاساس قىلغان پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى قوشۇنى؛ بىر تارمىقى دىنىي تەشكىلاتلارنى ئاساس قىلغان مۇسۇلمان ئالىملار قوشۇنى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مەيلى قايسى خىلدىكى قوشۇن بولسۇن، ئىسلام دىنى تەتقىقات خىزمىتىدە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئەمدى بىزنىڭ دېمەكچى بولۇۋاتقىنىمىز ئىسلام دىنى تەتقىقاتىنى قانداق قىلىپ چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى. ئۇن نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا ئەمەلىيلەشتۇرۇشكە تېگىشلىك سىياسەتلەر ئەمەلىيلەشتۇرۇلدى. ئەمدى بىز تەتقىقاتچى خادىملارنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ۋەزىپە دىننى كۆپ تەرەپتىن، كۆپ قاتلامدىن ئوبيېكتىپ ھالدا تونۇش ۋە تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. شۇڭا بىز پەن-تەتقىقات خادىملىرى تەتقىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى نەزەرىيە ۋە ھازىرقى ھالەتنى تەتقىق قىلىشقا قويۇپ، تەتقىقات خىزمىتىمىزنى ھاياتىي كۈچكە باي قىلىش ئارقىلىق ھازىرقى زامان جۇڭگو دىنشۇناسلىقىنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىشى تەكشى ئەمەس، ئۇلار چوڭ كۆلەمدە تارقاق ئولتۇراقلىشىش، كىچىك كۆلەمدە توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

شۇڭا تەتقىقاتچىلار ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى، ھەممىسىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى سەۋەبلىك ھەممىسىنى ئوخشاش دەپ قارىسا بولمايدۇ. ئەمەلىيەت مۇنداق: مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب رايونىدا ئالاھەزەل 14 مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان بار. ئۇلار توپلىشىپ ياشىغاچقا، ئۇلاردىكى دىنىي تۇس بىرقەدەر قويۇق ياكى ئۇلارنىڭ ئېتىقاد دەرىجىسى بىرقەدەر كۈچلۈك. بىز بۇ جايلاردىكى ئاممىنىڭ پىسخىك ھالىتىنى ۋە تەلىپىنى ئەستايىدىل چۈشىنىشىمىز ھەم ئىگىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ دىنىي تۇرمۇش جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى ئىمكانقەدەر قاندۇرۇشىمىز، ئۇلارنى زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى تەرەپكە يېتەكلىشىمىز كېرەك. بۇ جايلاردا دائىم يۈز بېرىدىغان مەسىلە مەزھەپ مەسىلىسى، مەزھەپلەرنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە دىنىي مەشغۇلاتلارنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى مەسىلىسى قاتارلىقلاردۇر، بۇ جەھەتتە كۆڭلىمىزدە سان بولۇشى كېرەك. ئەمما ئۇلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا، مەسىلەن، خېبېي، شەندۇڭ، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكە، ئەنخۇي، خېنەن قاتارلىق جايلاردا ئۇلار كۆپىنچە نەچچە ئون ئائىلە، يۈز نەچچە ئائىلە مەھەللە بولۇۋالغان، جامائەت رايونى شەكىللەندۈرگەن، ئۇلار باشقا مىللەتلەر ئارىسىدا ياشىغاچقا ئۇلارنىڭ ئېتىقاد دەرىجىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. ئۇلاردىكى مەسىلە مەسچىت بولۇش، ئاخۇنى بولۇش، قەبرىستانلىقى بولۇش، مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر بولۇش مەسىلىسى بولۇپ، ئۇلاردا مەزھەپ مەسىلىسى گەۋدىلىك ئەمەس. لېكىن ئۇلارنىڭ مىللىي ئىپتىخارى ناھايىتى كۈچلۈك، مىللىي بىرلىكى ناھايىتى چىڭ، «جىنسىي مۇناسىۋەت ئادەتلىرى» كىتابى ۋەقەسىگە ئوخشاش ئىشلارغا ناھايىتى سەزگۈر. ئۇلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىغا كۆڭۈل (ئاخىرى 35-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# زىنا توغرىسىدا

ئابدۇقادىر مەخسۇم

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

ئاللاتائالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ كىتابى بولغان «قۇرئان كەرىم»دە زىنا توغرۇلۇق مۇنۇلارنى دېگەن: "ئۇلار (ئاللاتائالا ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) ئاللا ھارام قىلغان ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈش ئىشىنى قىلمايدۇ، زىنا قىلمايدۇ. كىمكى بۇ(گۇناھلار)نى قىلىدىكەن، (ئاخىرەتتە) ئۇ جازاغا ئۇچرايدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ ئازاپ قىلىنىدۇ، ئۇ مەڭگۈ ئازاپ ئىچىدە خارلانغان ھالدا قالىدۇ. پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، ئاللا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، ئاللا تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر" (25-سۈرە، 68-70-ئايەتلەر). "زىناغا يېقىنلاشماڭلار، چۈنكى ئۇ قەبىھ ئىشتۇر، يامان يولدۇر" (17-سۈرە، 32-ئايەت). رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: "قانداق بىر ئادەم مەن ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تىلىغا ۋە جىنسىي ئەزاسىغا(يامان سۆزلەرنى قىلماسلىققا، پاھىشىۋازلىق قىلماسلىققا) كېپىللىك قىلالىسا، مەن ئۇ ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىمەن" («مىفتاھۇل خىتابەت»، 248-بەت).

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! يۇقىرىقى ئايەت ۋە ھەدىسلەردىن زىنانىڭ ئىسلام دىنىمىزدا قانداق گۇناھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا قانداق جازا بېرىلىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغ ياراتقۇچىمىزنىڭ زىنانى قانداق يامان كۆرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاللا زىنانى ھېچ سەۋەبسىزلا توسقان ئەمەس، ھەم ئۇنى قارىسىغىلا يامان كۆرگەن ئەمەس، بەلكى زىناخورلۇقنىڭ جەمئىيەتكە، زىنا قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىگە، تەن ساغلاملىقىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۆرسىتىدىغان زىيىنىنى كۆزدە تۇتۇپ بىزگە كۆيۈنگەنلىكتىن، زىنانى ھارام قىلغان، ئۇنى يامان كۆرگەن، ئۇنى قىلماسلىقنى «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تاپىلىغان. شۇڭا، تۆۋەندە زىناخورلۇقنىڭ بىر قىسىم زىيانلىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز:

1. زىنا ئائىلە ئىناقلىقىغا زىيانلىق. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئەر پاھىشىۋازلىققا بېرىلسە، خوتۇنىغا بولغان مۇھەببىتى كېمىيىدۇ، بۇنى سەزگەن ئايال كۈندەشلىك تۈپەيلى ئېرىدىن سوۋۇيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئايالدا ئېرىگە كۆيۈنمەيدىغان، ئۆي ئىشلىرى خۇش ياقمايدىغان، بەلكى كۈندەشلىكى قاتتىقراق بولغاندا، ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئېرىگە قېيداپ، سەن قىلغاننى مەن قىلالمامتىم دەپ، ئۆزىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى باشقىلارنىڭ ئالقىنىغا سۇنىدىغان ئەھۋال پەيدا بولىدۇ. مۇشۇ تەرەپنى كۆزدە تۇتۇپ رەسۇلۇللا مۇنداق دېگەن: "ئۆزۈڭلار پاھىشىۋازلىق قىلماڭلار، سىلەر پاھىشىۋازلىق قىلمىساڭلار، ئاياللىرىڭلارمۇ پاھىشىۋازلىق قىلمايدۇ." («مىفتاھۇل خىتابەت»، 102-بەت). ئەگەر ئايال زىناغا بېرىلىپ كەتسە، پۈتۈن ئىشتىياقىنى ئاشنىسىغا باغلايدۇ. ئاشنىسىنىڭ مەنپەئەتىنى ئۆز ئېرىنىڭ مەنپەئەتىدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ، تېخىمۇ قاتتىقراق بولغاندا، ئۆيىنى تاشلاپ ئاشنىسىنى دەپ

يىراق جايلارغا كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەر ئۆز ئائىلىنى ياكى ئۇنىڭ ئاشنىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ-دە، جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قېلىپ، قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. يېنىكرەك بولغاندا، ئۇ ئايال ئېرىدىن ئاجرىشىپ، نارەسىدە باللىرىنى يېتىملەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، ئاخىر، نۇرغۇن ئۈمىد-ئارزۇلار بېغىشلانغان بىر ئىناق ئائىلە ۋەيران بولىدۇ.

2. زىنا ئائىلىنىڭ ئىززەت-ئابرويىغا زىيانلىق. ھەممىمىزگە مەلۇم، زىنا يۈز بەرگەن ئائىلە، مەيلى مۇسۇلمانلار ئىچىدە ياكى مۇسۇلمان ئەمەسلەر ئىچىدە بولسۇن، كىشىلەرنىڭ كەمسىتىشىگە ئۇچرايدۇ، كىشىلەر كەمسىتمىگەندىمۇ، شۇ ئائىلىدىكىلەر سۆز-ھەرىكەتتە ئۆز-ئۆزىدىن قورۇنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. قىسقىسى، زىنا ئائىلىدىكىلەرنىڭ پىشانىسىدە بىر ئۆچمەس داغ بولۇپ قالىدۇ.

3. زىنا ئەۋلاد قالدۇرۇشقا زىيانلىق. چۈنكى پاھىشىۋازلىق پىسخىكىسىغا ئىگە ئاياللار ئۆز رەڭگى-رۇخسارىنىڭ كېتىپ قېلىشىدىن ھەم ئۆزىنىڭ بالا تەربىيىلەشكە بەنت بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، باللىق بولۇشنى خالىمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا پەقەت ئۆزىنىلا ئويلايدىغان شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسى پەيدا بولىدۇ، كەلگۈسى ئەۋلادلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان غايە پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىدە جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ياشاپ، دۇنيادىن ئىز-دېرەكسىز يوقىلىدۇ.

4. زىنا سالامەتلىككە زىيانلىق. چۈنكى زىنا قىلغاندا قانۇنلۇق ئەر-خوتۇنلارغا ئوخشاش سالامەتلىك تەكشۈرۈتىدىغان ئىش بولمايدۇ، ئىككىلا تەرەپ بىر-بىرىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىدىن بىخەۋەرلا جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرسىدىكى يۇقۇملۇق كېسەل يەنە بىرسىگە يۇقىدۇ. ئىككىيلەن يۇقۇملانغانلىقتىن، ئۇلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەنلا ئادەم يۇقۇملىنىپ، تۈرلۈك كېسەللەرنىڭ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىرسىيەت ئارقىلىق يۇقۇملىنىپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئىچىدە داۋاسىز كېسەل ئەدەپ كېتىپ، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇشى زىيانغا ئۇچرايدۇ.

قەدىردان دوستلار! بىز ئۆزىمىزنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادىتىمىزنى، تەن-ساغلاملىقىمىزنى، ئىناق ئائىلىمىزنى كۆزدە تۇتمىغاندىمۇ، كۆز قارىچۇقىمىزدەك ئاسراپ تەربىيىلەيدىغان، پۈتۈن ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنىڭ ئىزباسارى بولغان كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنى بولسىمۇ ئويلاپ قويايلى!

ئەگەر يۇقىرىقىلار ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارايدىغان بولساق، نېمە ئۈچۈن ئەيدىز كېسىلىگە دۇچار بولغانلار جىنسىي مۇناسىۋەتتە ئەركىن بولغان دۆلەتلەردە ئەڭ كۆپ بولىدۇ؟ دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ. تۈرلۈك ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، بۇنىڭغا ھەر خىل كىشىلەر بىلەن زىنا خاراكتېرلىك قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش سەۋەب بولغان.

5. زىنا باياشات تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە زىيانلىق. چۈنكى ئىپپەت-نومۇسنى ساتقان ئاياللار نومۇسسىز ئاياللار بولغاچقا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن قىلچە نەپرەتلەنمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىپپەت-نومۇسنى سېتىش بەدىلىگە كەلگەن پۇللارنى ئاسان كەلگەن پۇل ھېسابلاپ، بۇزۇپ-چېچىپ خىراجەت قىلىشقا ئادەتلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتا بەزىدە ياخشى، بەزىدە ناچار ئۆتكەچكە ھەم ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان ھەر خىل كىشىلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەچكە رەڭگىدىن پاتلا كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كۈندىن-كۈنگە ئىقتىسادىي كىرىمى ئازىيىدۇ، نەتىجىدە ناچار تۇر-

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ قانائەت قىلالماي، بىر بىچارە تىلەمچىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. قېنى، جەمئىيەتتە مۇشۇنداقلار بارمۇ-يوق؟ قاراپ باقايلى.

پاھىشىۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئادەتلەنگەن ئەرلەردە بولسا زىناخورلۇق پسىخكىسى پەيدا بولۇپ، تاپقىنىنى مۇشۇ ئىشقا خەجلەيدۇ، ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئەتىسىنى، قېرىپ قېلىشىنى، ئاغرىپ قېلىشىنى ئويلىمايدۇ، ئائىلىدىكىلەرنىڭ تەمناتىنى قىسىپ مۇشۇ يولدا بۇزۇپ چاچىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ”تۈز يالىغان ئىت قوپارغۇ ئاستىدا ئۆلىدۇ“ دېگەندەك، ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ، چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋېرىدۇ. قېرىغاندا، ئاغرىپ قالغاندا، يەي دېسە يوق، ئىچەي دېسە يوق، داۋالىناي دېسە يوق، ئېچىنىشلىق ئەھۋالدا قېلىپ، ياش ۋاقتىدا بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرىگە پۇشايمان قىلىپ، يۈرىكى لەختە-لەختە قانغا توشقان ھالدا دۇنيادىن كېتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ خىيالىي گەپ ئەمەس، بەلكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش مۇساپىسىدا يۈز بەرگەن رېئاللىق.

6. زىنا ياشلارنىڭ ئىستىقبالىغا زىيانلىق.

ئەگەر ياشلار بۇ يولغا كىرىپ قالسا، بۇنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ يامان بولىدۇ. ئۇلار ھەر جەھەتتە تەجرىبىسىز بولغاچقا، ئۆزىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلىمايدىغان، دەرس ئاڭلاشنى سېلىق ئورنىدا كۆرىدىغان، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا كىرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىقىپ گېلىمنى باقسام بولدى دەيدىغان ئىدىيە پەيدا بولۇپ، ”خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن“ دېگەن ئىدىيە يوقىلىدۇ، «ئىلىم ئۈستىدە ئېچىلغان گۈل» دېگەن فىلىمدىكى پېرسوناژ ئېلىدەك مەكتەپتىن قوغلىنىپ ۋەيران بولىدىغان، رازىيەدەك ئوقۇش پۈتتۈرۈش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدىغان ھەر خىل يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئىستىقبالى نابۇت بولىدۇ.

ھۆرمەتلىك ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىل ۋە تەڭتۇشلار! مېھرىبان رەببىمىز بىزگە كۆيۈنگەنلىكتىن پاھىشىنىڭ يۇقىرىقىدەك زىيانلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ ھارام قىلغان ھەمدە قانۇن ئورۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتكە بېرىدىغان يامان تەسىرىنى كۆزدە تۇتۇپ،قاتتىق زەربە بېرىش ئوبيېكتىنىڭ بىرى قىلىپ بېكىتكەن. بۇنداق يامان قىلمىشلارغا زەربە بېرىلىۋاتقان، بۇ ھەقتە پائال تەشۋىق ۋە تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ناچار ئىللەت تېخى ئازايغىنى يوق. شۇڭا بىز ئاللانىڭ بەندىسى، رەسۇلۇللانىڭ ئۈممىتى ۋە بىر ئەقىللىق ئىنسان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۇنداق گۇناھنى سادىر قىلماسلىقىمىز، قىلىپ قويغانلىرىمىز دەرھال تەۋبە قىلىپ، ئاللاتائالادىن گۇناھىمىزنى تىلىشىمىز، بۇنداق گۇناھتىن چوقۇم قول ئۈزۈشىمىز لازىم.

كەرەملىك مېھرىبان ياراتقۇچىمىز بىزنى ۋە ئەۋلادلىرىمىزنى ئاپەتتىن ساقلىسۇن، ئامىن!

(ئاپتور قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپنىڭ مۇددەرىسى. ماقالىنى تەھرىرلىگۈچى: خوجا ئابدۇللا قارىي ھاجىم.)

## تۈزىتىش

2-سان ژۇرنالدىكى تۇنجى بەت تۆۋەندىن 3-قۇردىكى ”ئاللاتائا“ دېگەن سۆزنى ”ئاللاتائالا“ دەپ، 37-بەت، 2-ستون يۇقىرىدىن 12-قۇردىكى ”مۇسىبەت“ دېگەن سۆزنى ”مۇستەھەپ“ دەپ تۈزىتىپ ئوقۇشقىزلارنى سورايمىز.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

# ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

جاڭ يۇڭچاڭ

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك، دىنلار كۆپ مەملىكەت. مەملىكىتىمىزدە خۇيزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، تاتار، تاجىك، ئۆزبېك، قىرغىز، دۇڭشياڭ، سالا، باۋئەندىن ئىبارەت ئون ئاز سانلىق مىللەت پۈتۈن مىللەت بويىچە دېگۈدەك ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى تەخمىنەن 18 مىليوندىن ئاشىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تەبىئىي بايلىقى مول، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى زور ۋە ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولغان غەربىي شىمال رايونىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. مەملىكىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇغۇلۇش، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشتىن ۋاپات بولۇپ، دەپنە قىلىنغانغا قەدەر ھەم يېمەك-ئىچمەك، تازىلىق، كىيىم-كېچەك قاتارلىق تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئىسلام دىنىنىڭ تەسىرىدىن خالىي ئەمەس، ئىسلام دىنىنىڭ بەزى قائىدىلىرى بارا-بارا مۇشۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان. شۇڭلاشقىمۇ غەربىي شىمالدىكى ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ داۋاملىنىش ۋە ساقلىقىنى ساقلاش ئىشلىرى ئىسلام دىنى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ چەكلىملىكى ۋە تارىخىي ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى سەۋەبىدىن غەربىي شىمال رايونىدىكى مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇغۇت نىسبىتى ۋە ئۆلۈش نىسبىتى بىرقەدەر يۇقىرى، ئوتتۇرىچە ئۆمۈرى قىسقاراق. لېكىن دىققەت قىلىنىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، غەربىي شىمالدىكى ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى ناچار ئەمەس، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى خېلى تۆۋەن. نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ 1982-يىلىدىكى ستاتىستىكا مەلۇماتىدىن قارىغاندا، 55 ياشتىن يۇقىرى ھەربىر بەش ياش گۇرۇپپىسىدىن قارىغاندا، ئەر ياكى ئايال بولسۇن، خۇيزۇلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى خەنزۇلاردىن تۆۋەن، يەنە كېلىپ ياش گۇرۇپپىسى ئۆرلىگەنسېرى ئۆلۈش نىسبىتى تۆۋەنلەپ بارغان①. 1991-يىلىدىكى ماتېرىيالدىن قارىغاندا، نىڭشيادا يېشى 100دىن ئاشقان 20 نەچچە ئۆمۈر يۇلتۇزى بولۇپ، بۇلاردىن 21ى خۇيزۇ②. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 1982-يىلى ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرگەندە، يېشى 100دىن ئاشقان بوۋاي-مومايلار 865 كىشى بولۇپ، بۇلار مەملىكەت بويىچە يېشى 100 دىن ئاشقان بوۋاي-مومايلار ئومۇمىي سانىنىڭ 22.5 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، بۇ رايون يېشى 100دىن ئاشقان بوۋاي-مومايلار نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى رايون بولۇپ قالغان (شىنجاڭ نوپۇسى مەملىكەت نوپۇسىنىڭ 1.3 پىرسەنتىنىلا تەشكىل قىلىدۇ). شىنجاڭدا يېشى 100دىن ئاشقان بوۋاي-مومايلار ئىچىدە مۇسۇلمانلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولۇپ، 99.8 پىرسەنتكە يەتكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلار ھەممىدىن كۆپ بولۇپ، جەمئىي 802 ئادەم③. 1990-يىلى 7-ئايدىن 9-ئايغىچە چىڭخەي ئۆلكىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئەسلىدىن چىڭخەيدە ياشاپ كەلگەن ياشانغان 300 نەپەر مۇسۇلمان ئەر-ئايالنى

www.uyghurkitap.com

بىرقەدەر ئەتراپلىق تەكشۈرۈشكەن. تەكشۈرۈشتىن ئېلىنغان سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا، ياشانغانلاردىن 46.7 پىرسەنتىنىڭ تېنى ساغلام، 35.3 پىرسەنتىنىڭ سالامەتلىكى ئادەتتىكىچە چىققان①. غەربىي شىمال رايونىدا ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشى هاياتلىقلارنىڭ تەبىئىي ياشاش قانۇنىيىتى ۋە بۇ ياشانغانلار دېهقانچىلىق-چارۋىچىلىق ئەمگەكلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بىلەن، تەبىئىي شارائىتى بىرقەدەر ياخشى يېزىلاردا ئۇزاق مۇددەت ياشىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىدىن باشقا، بۇنىڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ياشانغان مۇسۇلمانلارغا كۆرسەتكەن زور تەسىرىمۇ ئېتىبارسىز قاراشقا بولمايدىغان بىر ئامىل.

### 1. ئىسلام دىنىنىڭ ياشانغانلارنى هۆرمەتلەش ئىدىيىسى ۋە ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى

ئىسلام دىنىنىڭ جۇڭگوغا كىرگىنىگە مىڭ يىلدىن ئاشتى. ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب-ئەخلاق ئىدىيىسىنىڭ مەزمۇنى ناهايىتى مول، ياشانغانلارنى هۆرمەتلەش ئەنە شۇنىڭ بىر مەزمۇنى. «قۇرئان كەرىم» مۇسۇلمانلارغا مۇنداق دەپ تەلىم بېرىدۇ: "پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا ئوھوي دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۆشكەلىمىگىن، ئۇلارغا هۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېهرىبانلىقتىن ناهايىتى كەمتەر مۇئامىلىدە بولغىن ۋە 'ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن' دېگىن" (17-سۈرە، 23—24-ئايەتلەر). شۇڭا «قۇرئان كەرىم»گە ئوخشاش كىتابلاردا بايان قىلىنغان ياشانغانلارنى هۆرمەتلەش ئىدىيىسى غەربىي شىمال رايونىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سۆز-هەرىكىتىگە چەك قويۇپ ۋە تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش، ئاتا-ئانىنى هۆرمەتلەش خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغان بىر خىل پەرزدۇر. شۇڭا بۇ يەردىكى ياشانغان ئاتا-ئانىلار ئادەتتە، روهىي كەيپىياتى خۇش، تېنى ساغلام كېلىدۇ.

ئىسلام دىنى ۋە ئەنئەنىۋى مىللىي ئۆرپ-ئادەتنىڭ تەسىرىدىن، نىڭشيادا خۇيزۇ ئائىلىلىرى بىرقەدەر چوڭ، قېرىلار بىلەن پەرزەنت-نەۋرىلەر بىللە ياشايدىغانلار كۆپ. 1982-يىلدا ئېلىنغان مەلۇماتتىن قارىغاندا، خۇيزۇلار ئائىلىسىدە ئوتتۇرا هېساب بىلەن 5.9 ئادەم بولۇپ، خەنزۇلار ئائىلىسىدىكىدىن 0.9 ئادەم كۆپ، يەنى هەربىر ئائىلىدە بىردىن دېگۈدەك ئادەم ئارتۇق. پۈتۈن نىڭشيا رايونىدا هەرقايسى مىللەتلەرنى جەمئىيلەپ هېسابلىغاندا، ئۈچ ئەۋلادتىن يۇقىرى بىللە ياشايدىغان ئائىلىلەر ئومۇمىي ئائىلە سانىنىڭ 15.78 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ، نوقۇل خۇيزۇلار جايلاشقان جىگيۈەن ناهىيىسىدە بولسا، ئۈچ ئەۋلادتىن يۇقىرى بىللە ياشايدىغان ئائىلىلەر 20.07 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، پۈتۈن رايوندىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتكەن⑤. چىڭخەي ئۆلكىسى ياشانغان 300 مۇسۇلماننىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلاردا ۋە ئائىلىسىنىڭ شەكىللىنىشىدە مۇنداق بىرقانچە ئالاهىدىلىك بارلىقىنى سەزگەن: 1. ئەر-خوتۇن ئىناق، جورىسى دىدارلار كۆپ، ئەر-خوتۇن كېلىشەلمەي ئاجراشقانلار ئاز؛ 2. كۆپ باللىق ياشانغانلار كۆپ؛ 3. كۆپ ئەۋلاد بىللە ياشايدىغان، ئېتىپاق-ئىناق ئائىلىلەر كۆپ، بولاردىن ئۈچ ئەۋلاد بىللە ياشايدىغان ئائىلە 46 پىرسەنتىنى، تۆت ئەۋلاد بىللە ياشايدىغان ئائىلە 12.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. تەكشۈرۈشتە 81 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدى-

غان ياشانغانلار: بىزنى پەرزەنتلىرىمىز باقىدۇ، دەپ
جاۋاب بەرگەن، 74.3 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ.
غان ياشانغانلار: ئائىلىمىز ئىناق، دەپ جاۋاب بەر-
گەن؛ جۇڭگودىكى 95 پىرسەنتتىن يۇقىرى مۇسۇل-
مان ئائىلىسى ۋە ئائىلە ئەزالىرى ئۆز مىللىتىنىڭ
ئەنئەنىۋى ئەخلاق-پەزىلىتى ۋە جامائەت ئەخلاقى
بويىچە بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىدىكەن ۋە كۆيۈنى-
دىكەن، ئىناق ئۆتىدىكەن[41].

نىڭشيا، جۇڭگودىكى قاتارلىق جايلاردىكى ياشان-
غان مۇسۇلمانلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالىدىن
كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچى-
لىكىنىڭ قېرىلارنى بېقىش مەسىلىسىنى ئائىلىسى
ھەل قىلىپ كەتكەن. ئۇلار كۆپىنچە، پەرزەنت،
نەۋرە-چەۋرىلەر بىلەن بىللە ياشىغاچقا، باللىرى
ئۇلارنى ئاسرايدىكەن ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر
ئالىدىكەن، شۇڭا ئائىلىۋى بەختتىن ھۇزۇرلانغان.
ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، ئىجتى-
مائىي پاراۋانلىق كاپالىتى مۇكەممەل بولمايۋاتقان
بۈگۈنكى كۈندە، قېرىلارنى بېقىشتىكى بۇنداق
ئەنئەنىۋى ئۇسۇل، شەك-شۈبھىسىزكى، دۆلەت ۋە
جەمئىيەتنىڭ زور قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلغان. غەر-
بىي شىمال رايونىدا خېلى نۇرغۇن مۇسۇلمانلار
ئۇزاقتىن بۇيان نامرات يېزا-قىشلاقلاردا ياشاپ
كەلدى، ھازىرغاقەدەر بەزى جايلاردا كىيىمى پۈ-
تۈن، قورسىقى توق بولۇش مەسىلىسى ئۈزۈلكې-
سىل ھەل بولمىدى. بۇ جايلاردىكى ياشانغان مۇ-
سۇلمانلارنىڭ ئۇزۇقلۇقى، داۋالىنىش شارائىتى شە-
ھەرلەردە ئولتۇرۇشلۇق ياشانغان خەنزۇلارنىڭكىدىن
كۆپ تۆۋەن. لېكىن ئۇلاردىن ئۇزاق ئۆمۈر كۆر-
گەنلەر يەنىلا ناھايىتى كۆپ، بۇ كۆپ دەرىجىدە،
كۆپ ساندىكى ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ تىنچ،
شاد-خۇرام ئائىلىسى بولغانلىقىدىن بولغان. ئەل-
ۋەتتە، چارۋىچىلىق رايونى بىلەن دېھقانچىلىق را-
يونلىرىنىڭ تۇرمۇش شارائىتى پەرقلىق بولغاچقا،

ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بەزى ئاز سانلىق
مىللەتلەردە ئىككى ئەۋلادلىق ئائىلىلەر ئاساسىي
ئورۇندا تۇرىدۇ، ئۈچ ئەۋلادلىق ئائىلىلەرنىڭ نىس-
بىتى تۆۋەنرەك. لېكىن ئىسلام دىنىنىڭ ياشانغانلا-
رنى ھۆرمەتلەش ئىدىيىسىدە تاۋلانغانلىقى ۋە ئۇ-
نىڭ تەسىرىنى ئالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مىللەتلەر
ئىچىدە ياشانغانلار ئۆز مىللىتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك
ھۆرمىتىگە سازاۋەر، پەرزەنت-نەرۋىلەر بىرقەدەر ۋا-
پادار، مانا بۇلار ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ جىسما-
نىي-مەنىۋى ساغلاملىقىنى ئالغا سۈرۈشكە پايدىلىق
بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى شاد-خۇرام،
تىنچ-ئامان ئۆتكۈزۈشكە ئىمكانىيەت ئاتا قىلىدۇ.

**2. ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارى-
شى ۋە ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەنىۋى تۇر-
مۇشى**

ئىسلام دىنى "ئىككىلا دۇنياغا تەڭ ئەھمىيەت
بېرىدۇ"غان دىن، شۇڭا ئۆلىمالار، ئىسلام دىنىنىڭ
كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى يىغىنچاقلاپ "ئىككى
ئالەملىك بەخت-سائادەت تېپىش"، يەنى بۇ دۇنيا-
دىمۇ، ئاخىرەتتىمۇ كۆڭۈللۈك، بەخت-سادائەتلىك
بولۇشنى ئىستەش، دەيدۇ. ئىسلام ئېتىقادى ۋە كى-
شىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ تەسىرى بىلەن، غەر-
بىي شىمال رايونىدىكى ياشانغان ئىخلاسمەن مۇ-
سۇلمانلار ھەم دۇنيادىن بىزار ئەمەس، بۇ دۇنيادى-
كى راھەت-پاراغەتنى تەرك ئەتمەيدۇ، ھەم ئۇ دۇن-
يادىكى بەخت-سائادەتكە تېخىمۇ بەك ئىنتىلىدۇ.
قېرىغانسېرى ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەتكە شۇنچە
كۈچلۈك ئىنتىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇسۇللىرى
فېئودال خۇراپاتلىق ۋە كونا ئۆرپ-ئادەت تەسىرىگە
چوڭقۇرراق ئۇچرىغان ياشانغان خەنزۇلارنىڭكىگە
ئوخشىمايدۇ، ئۇلاردەك ئاخىرەتلىك كىيىم ۋە ساندۇق
تەييارلاشقا ئالدىرىمايدۇ، قەبرە ياساشقا بېرى-
لىپ كەتمەيدۇ، بەلكى دىنىي پائالىيەتلەر ۋە دىنىي
جامائەت ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا قىزىقىدۇ. جۇڭگودىكى

www.uyghurkitap.com

ياشانغان مۇسۇلمانلار ئۇستىدە يۈرگۈزۈلگەن تەكشۈرۈشتىن مەلۇمكى، 82 پىرسەنت ياشانغانلار ئادەتتە ئىسلامىيەت قائىدىلىرىنى مۇتالىئە قىلىشقا قىزىقىدىكەن، زور ئىشلەپچىقىرىشقا ۋە ئائىلە ئەمگەكلىرىگە قاتناشقاندىن باشقا، قالغان ۋاقتىنى ھەممىسىدە ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەت يولىدا تائەت-ئىبادەت قىلىدىكەن⑦. ئۇلار بۇ دۇنيالىقنى كۆپ سۈرۈشتۈرۈپ كەتمەيدۇ، رىئال تۇرمۇشقا ئادەتتە يۇقىرى تەلەپ قويۇپ كەتمەيدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشقا بولسا، كىشىلەرگە مېھرىبان بولۇش، بۇ دۇنيالىقنى تالاشماسلىق پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ ھەم ئاسراشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆلۈملۈكنى ئاددىي قىلىشتەك ئەنئەنىۋى تەشەببۇسنى قوبۇل قىلىدۇ، ئاخىرقى ھاياتىغا بىرقەدەر خاتىرجەم، ئۈمىدۋار كەيپىياتتا مۇئامىلە قىلىپ، ئىنسان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا قەدەم تاشلايدۇ.

### 3. ئىسلام دىنىنىڭ دىنىي ئەمەللىرى ۋە ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنى كۈتۈشى-ساغلاملىقى

ئىسلام دىنىدا بەش دىنىي ئەمەل بار. ئۇ بولسىمۇ: شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، ئۆشرە-زاكات بېرىش، ھەج قىلىش. بۇنىڭ ئىچىدە ئاللا يولىدا ناماز ئوقۇش، بالاغەتكە يەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر كۈنى بامدات، پېشىن، دىگەر، شام، خۇپتەندىن ئىبارەت بەش ۋاخ ناماز ئۆتىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. نۇرغۇن مۇسۇلمانلار ياش چاغلىرىدا ئۆگىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە باشقا پائالىيەتلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ، ھەر كۈنى ئۆزمەي ناماز ئوقۇپ كېتەلمەيدۇ. ياشانغاندىن كېيىن، ئۇلاردا ھەم ۋاقىت بولىدۇ، ھەم دىنىي ئەمەللەرنى جايىدا ئادا قىلىش ئارزۇسى بولىدۇ. شۇڭا ھەر كۈنى مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇيدىغانلار كۆرۈنەرلىك كۆپىيىدۇ. ئۇلار ھەر قېتىم پاكىز كىيىم كىيىپ، پاك سورۇندا تۇرۇپ، ھېچقانداق باشقىچە غەرەزدە بولمىغان شەرت ئاستىدا ناماز ئوقۇيدۇ. ناماز ئوقۇغاندا ئۆز رېتى بىلەن شۇدۇ قىلىش، قىيامدا تۇرۇش، رۇكۇدا تۇرۇش، سەجدىگە بېرىش ۋە سەجدە قىلىشتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش مۇقىم ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلايدۇ. بۇ چاغدا ياشانغانلار نامازنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنى پۈتۈن زېھنىنى قويۇپ تەقۋادارلىق بىلەن ئوقۇپ، قىلچە بىخەستەلىك قىلماي ئورۇنلايدۇ. شۇڭلاشقا بەزىلەر، دىنىي ئامىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ شاھادەت ئېيتىش ۋە ناماز ئوقۇش ئەمەللىرى "يەل گۈمپا" (چىگۇڭ) ۋە "ساغلاملىق گىمناستىكىسى"دەك تەن سالامەتلىك ۋە ساقلىقنى ساقلاش ئۈنۈمىگە ئىگە، بۇ ئۇلارنىڭ ساغلام ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىگە پايدىلىق، دەپ قارايدۇ.

ئىسلام دىنىنىڭ يېمەكلىك توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى ۋە پەرھىزىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ياخشى يېمەك-ئىچمەككە ئادەتلىنىشىدە تەسىرى ۋە پايدىسى خېلى زور. ئىسلام دىنى ئۆزى ئۆلگەن مال، قان، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلىشنى ۋە ھاراق-شاراب ئىچىشنى ھارام قىلىپ، ئەمگەكچان، قانائەتچان ۋە كەڭ قورساق بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. شۇڭا، مۇسۇلمانلار كالا، قوي گۆشلىرىنى ياقتۇرۇپ يەيدۇ، ئۇلاردىن ھاراق ئىچىدىغان، تاماكا چېكىدىغانلار ئازراق، ياشانغاندا يۈرەك قان تومۇر كېسىلى ۋە مېڭە قان تومۇر كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىغانلارمۇ ئازراق. شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىدىن 100 ياشتىن ئاشقان بوۋاي-مومايلار ئاچچىق-چۈچۈك يېمەكلىكلەرنى ناھايىتى ئاز يەپ، ياش مېۋە-چېۋىلەرنى يىل بويى يەيدۇ. تەكشۈرۈلگەن 105 نەپەر قېرى ئادەمدىن 91 ئادەم تاماكا چەكمەيدىكەن، 86 ئادەم ئەزەلدىن ھاراق ئىچمەيدىكەن. ئۇلار ئۆمۈر بويى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن كۆپرەك شۇغۇللانغان، ياش چېغىدا تېرىقچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق قىلغانىكەن.

ئۇلاردىن بىرمۇنچە، كىشىلەرھازىرمۇ ئادەتتىكى ئەمگەكلەرگە قاتنىشالايدىكەن. ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلۇشى بىرقەدەر ياخشى، ئوتتۇراھال ئورۇقلار 99 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىكەن، سېمىزلىك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلار ناھايىتى ئاز ئىكەن⑧. ياشانغان مۇسۇلمانلار دىنىي ئەنئەنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇلارنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتىلا ياخشى بولۇپ قالماستىن، تازىلىق ئادىتىمۇ ناھايىتى ياخشى. ئۇلار شەخسىي تازىلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ناماز ئوتەشتىن بۇرۇن سۇزۇك سۇدا تاھارەت ئالىدۇ ياكى غۇسلى قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلىرىنى ۋە هويلا-ئاراملىرىنى تازىلاپ تۇرىدۇ، ئىمكانقەدەر پاكىز تۇرمۇش شارائىتى يارىتىدۇ. خېلى نۇرغۇن ياشانغان مۇسۇلمانلار جاماباشچىلىق ئوينايدۇ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى تېخىمۇ ياخشىراق.

غەربىي شىمال رايونىدىكى ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئانچە يۇقىرى ئەمەس، ساۋاتسىزلار ۋە چالا ساۋاتلىقلار كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىمۇ باياشات ئەمەس، ياشانغان مۇسۇلمانلار سالامەتلىكىنى ياخشىلاش-ئاسراشتا ۋە ساغلام قېرىشتا ئاساسەن، ئىناق ئائىلە تۇرمۇشىغا، خاتىرجەم روھىي ھالەتكە، يېمەك-ئىچمەك ۋە تازىلىق جەھەتتىكى ياخشى ئادەتكە، مۇۋاپىق جىسمانىي ئەمگەك ۋە پاك ھاۋالىق تۇرمۇش شارائىتىغا تايىنىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن غەربىي شىمال رايونىنىڭ ئىقتىسادى تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلغان، كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشى ۋە داۋالىنىش شارائىتى خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان ئەھۋالدىمۇ يۇقىرىقىدەك سالامەتلىكنى ساقلاش-ئاسراش تەدبىرلىرىنى يەنىلا ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بۇ جەھەتتە ئىسلام دىنىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرى بەلگىلىك پائال رول ئوينايدۇ.

## 4. مەسچىتلەر ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى

مەسچىت مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت يۈرگۈزىدىغان، دىنىي بىلىم ئۆگىنىدىغان ۋە ئۆز بەدىنىنى ھەم نىيىتىنى پاكلاشتۇرىدىغان، ئالاقە قىلىشىدىغان سورۇن. جۇڭگودىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىدارى كۆپ خىل بولۇپ، ئۇ ھەم مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت يۈرگۈزىدىغان مەركىزىي سورۇن، ھەم مەدەنىيەت، تەلىم-تەربىيە ۋە تەنھەرىكەت قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان مۇھىم بازا. مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىكى جايدا مەسچىت بولىدۇ. 1991-يىلدىكى مەلۇماتتىن قارىغاندا، پۈتۈن نىڭشيا رايونىدا 2 مىڭ 200دىن ئارتۇق چوڭ-كىچىك مەسچىت بار ئىكەن⑨، خۇيزۇلار نوپۇسى 55 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان ۋۇجوڭ شەھرىدە 216 مەسچىت بار ئىكەن⑩. شىنجاڭنىڭ قەشقەر رايونىدا مەسچىت نەچچە مىڭغا يېتىدۇ، قەشقەر شەھرىنىڭ ھەممىلا كوچىلىرىدا مەسچىت بار ئىكەن⑪. ياشانغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، سالامەتلىكى يول قويسىلا، مەسچىت ئۇلارنىڭ ھەر كۈنى چوقۇم بارىدىغان يېرى. مەسچىتلەردە ياشانغانلار دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ، دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، دىنىي ھېسسىياتلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەنلا قالماي، ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ، ھال-ئەھۋال سورىشىدۇ، ئۆزئارا كۆڭۈل ياسىشىدۇ، مۇڭدىشىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشىدۇ، ئادەم ياشانغاندىن كېيىن كۆپ يۈز بېرىدىغان يالغۇزلۇق، مسكىنلىكتىن خالىي بولۇشىدۇ.

ئىسلام دىنى نامراتلارغا ياردەم بېرىپ قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇش، خەير-ساخاۋەتلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئاللاغا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا-ئاناڭلارغا، خىش-ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە،

www.uyghurkitap.com

يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل-چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللا مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ" (4-سۈرە، 36-ئايەت). جايلاردىكى مەسچىتلەر ئەزەلدىن ئۆز جامائىتكە خىزمەت قىلىدىغان، جامائەت ئىشلىرىنى يولغا قويىدىغان ئەنئەنىگە ئىگە، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا جايلاردىكى مەسچىتلەر دەرەخ تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، كۆۋرۈك-يول ياساش، مەدەنىيەت-مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە بەلگىلىك پائال رول ئوينىدى. بۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا جەمئىيەت بىلەن شەخس بىرلەشتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى قۇرغاندا، مەسچىتلەرنىڭ ئىجتىمائىي رولىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا سېلىنمىغان كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرى ۋە ئاھالە كومىتېتلىرى، كەنت كومىتېتلىرىنىڭ يار-يۆلىكى ئارقىلىق مەسچىتلەردە بەزى ياشانغانلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇئەسسەسەنى يولغا قويۇپ، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بولغان كېسەلچان، مېيىپ، تۇل، يېتىم-ئاجىز قېرى كىشىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ئۇلارنى غەم-قايغۇ ۋە قىيىنچىلىقتىن خالاس قىلىش مۇمكىن. جايلاردىكى مەسچىتلەرنىڭ جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش رولىنى ئىشقا سېلىپ، ئۇلارنى ياشانغان مۇسۇلمانلار ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش ۋە ياخشى ئىش قىلىشقا يېتەكلىگەندىلا، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى قۇرۇش ۋە ياشانغانلارنىڭ داۋالىنىش ۋە سالامەتلىكىنى ساقلاش يولىدا ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

جايلاردا ياشانغان مۇسۇلمانلارنىڭ داۋالىنىش-ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ھەر خىل ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ جۈملىدىن ئىسلام دىنىنىڭ رولىنى قانداق جارى قىلدۇرۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ قېرىلىقنى كۈتۈش ئەنئەنىسى ۋە مىللىي تۇرمۇش ئۆرپ-ئادىتىگە لايىق، ئىش ئۈنۈمى ياخشى ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى تىرىشىپ قۇرۇش يولىدا ئىزدىنىش لازىم. بۇ ئىش ئوبدان ئىشلەنسە، ھەم پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ قويۇقلاشتۇرغىلى، ھەم دىنىنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا يەنىمۇ ئوبدان يېتەكلەپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلغىلى بولىدۇ.

**ئىزاھلار:**

①③⑤ «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ نوپۇسى»نىڭ 198-، 189- ۋە 88-بەتلىرىگە قارالسۇن، نىڭشيا خەلق نەشرىياتىنىڭ 1991-يىل 9-ئاي نەشرى.

② «نىڭشيا گېزىتى»نىڭ 1992-يىل 6-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

④⑥⑦ «چېگرىدىكى ياشانغان مۇسۇلمانلار مەسىلىسى»، «خۇيزۇ تەتقىقاتى»نىڭ 1993-يىللىق 3-سانىغا قارالسۇن.

⑧ «ئازادلىق گېزىتى»نىڭ 1994-يىل 10-ئاينىڭ 7-كۈنىدىكى سانىغا قارالسۇن.

⑨ «نىڭشيا خۇيزۇلىرى»نىڭ 322-بېتى، نىڭشيا خەلق نەشرىياتىنىڭ 1993-يىل 9-ئايدىكى نەشرى.

⑩ «جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى مەجمۇئەسى — 100 ناھىيە-شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئۈستىدە تەكشۈرۈش. ۋۇجۇڭ تومى»، 453-بەت، جۇڭگو چوڭ قامۇسى نەشرىياتىنىڭ 1993-يىل 8-ئايدىكى نەشرى.

⑪ «جۇڭگودىكى ئىسلام دىنى»، 55-بەت، نىڭشيا خەلق نەشرىياتىنىڭ 1991-يىل 7-ئايدىكى نەشرى.

# ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

نەفىئە

قەدىمدىن بۇيان، كىشىلەر مۇھەببەتنى كۈي-
لىگەندەك، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى
ئىنسانلار هاياتىدىكى مەڭگۈلۈك تېمىنىڭ بىرى
دەپ ئىزدىنىپ كەلدى. ئۇنداق بولسا، كىشىلىك
تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى زادى نېمە؟ قانداق تۇرمۇش
ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش ھېسابلىنىدۇ؟ بۇ ھەقتە
كۆپچىلىك كۆپ گەپ قىلىشتىيۇ، ئەمما پىكىردە
بىر يەرگە كېلەلمىدى. بەزىلەر كىشىلىك تۇرمۇش
راھەت ياشاشتۇر دەپ قاراشتى-دە، شانۇشەۋكەت-
لىك، بېمەنە تۇرمۇشقا قارىغۇلارچە ئىنتىلىپ،
كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتلىك پاراغەت دۇنياسى
پاتقىقىغا پېتىپ قالدى؛ بەزىلەر كىشىلىك تۇرمۇش-
نىڭ مەقسىتى ئۆزىنى تۆھپە قىلىشتا، "مەن ھەممە
ئۈچۈن، ھەممە مەن ئۈچۈن" دېگەنلىك كىشىلىك
تۇرمۇشىدىكى "چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك" كە
ئىنتىلىشتۇر دەپ قارىدى؛ يەنە بەزىلەر بولسا كى-
شىلىك تۇرمۇش مەنە-سىز نەرسە، ئادەم-نىڭ ھا-
ياتى—توغۇلۇش، قېرىش، كېسەل بولۇش، ئۆ-
لۈشنىڭ ھەممىسى جاپا-مۇشەققەتلىك بولىدۇ دەپ
قارىدى-دە، ئۈمىدسىزلىنىپ، ئاھ ئۇرۇپ، ھەسرەت
چېكىپ، پاسسىپلىق بىلەن دۇنيادىن بىزار بولدى.
ھالبۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارى-
شى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى بۇلاردىن پەرقلى-
نىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسى-
دىكى تەلىم «قۇرئان كەرىم»دە تولۇق ئەكس
ئېتىدۇ، بۇنىڭدا ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بەرھەق
ئىكەنلىكى ۋە ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن يەنە تىرىلە-
دىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرۈش ئەڭ ئېگىزلىك نۇقتا.
كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى ئى-
مان ئېيتماق ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلماقتا، دۇنيا-
دىكى بەخت بىلەن ئاخىرەتتىكى بەختنى بىر قاتاردا
قويماقتىدۇر دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان كە-
رىم»دە مۇنداق بىشارەت قىلىنغان: "كىمكى دۇنيا
ساۋابىنى كۆزلىسە، ئۇنىڭغا دۇنيانىڭ ساۋابىنى بې-
رىمىز (ئۇنىڭ ئاخىرەتتىكى نېسىۋىسى بول-
مايدۇ)؛ كىمكى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى كۆزلىسە،
ئۇنىڭغا ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى بېرىمىز" (3-سۈرە،
145-ئايەت). ئىسلام دىنىنىڭ قارىشىچە، دۇنيا—
كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇساپىسى، ئاخىرەت —
كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قارارگاھى؛ دۇنيا بىلەن ئا-
خىرەت بىر-بىرىگە سەۋەب-نەتىجە بولىدۇ، كىشى
دۇنيادىكى قىلغان- ئەتكەنلىرى ئۈچۈن ئاخىرەتتە
تېگىشلىك جاۋابقا ئىگە بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم»
دە مۇنداق دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن: "ئىمان
ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار، شۈبھىسىز-
كى، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەن-
نەتلەرگە سازاۋەر بولىدۇ. بۇ چوڭ بەختتۇر"
(85-سۈرە، 11-ئايەت). "كاپىر بولغان ۋە بىز-
نىڭ ئايەتلىرىمىزنى يالغانغا چىقارغان كىشىلەر
ئەھلى دوزاختۇر" (5-سۈرە، 10-ئايەت). يەنە
مۇنداق دېيىلگەن: "قىيامەتنىڭ بولۇشى چوقۇم-
دۇر" (15-سۈرە، 85-ئايەت). "بۇ كۈندە كى-
شىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش
(يەنى نەتىجىسگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ-توپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ؛ كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ" (99-سۈرە، 6—8-ئايەتلەر). ھازىرقى تۇرمۇش بىلەن ئۆلگەندىن كېيىنكى قارارگاھ توغرىسىدىكى بۇ بىر قاتار نەزەرىيىلەر ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا قاراشتىكى تۈپ نۇقتىئىنەزىرى بولۇپ، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتتىكى بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىش ئۇنىڭ مېغىزىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن مۇپەسسەل ئىزاھ بەرگەن: "بۇ دۇنيايىڭ ئۈچۈن ئىرىشقىن گويا مەڭگۈ ياشايدىغاندەك، ئاخىرىتىڭ ئۈچۈن ئىرىشقىن گويا ئەتىلا ئۆلىدىغاندەك." مەملىكىتىمىز مۇسۇلمانلىرى بولسا بۇنى "ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەت ئىزدەش" دەپ ئاتايدۇ. "ئىككىلا دۇنيالىق بەخت-سائادەت ئىزدەش" نۇقتىئىنەزىرى كىشىلەرنىڭ ھايات چېغىدىكى ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ياخشى-يامان بولۇشىنى مىزان قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىمانىنى ھايات چېغىدىكى دىنىي ئەمەل ھەتتا ئىجتىمائىي ئەتمىشلىرىنىڭ ياخشى-يامانلىقى بىلەن باغلاپ، ئۇنى جەننەتكە كىرىشى ياكى دوزاخقا كىرىشىنىڭ دەللى ھېسابلايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق پەزىلەتىنىڭ تۈپ مىزانى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ئەنە شۇنىڭدىن شەكىللىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىدىيىسىگە ۋە تۇرمۇشىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## بۇ دۇنيا ئۈچۈن ئىرىشىش — كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇساپىسى

ئىسلام دىنى كىشىلىك تۇرمۇشنى بۇ دۇنيالىق تۇرمۇش ۋە ئاخىرەتلىك تۇرمۇش دېگەن ئىككى باسقۇچقا ئايرىيدۇ، كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدىكى بارلىق قانۇن ۋە تۇرمۇش مىزانى ئاللادىن نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم» دىن چىقىدۇ، بۇنىڭدىن مەقسەت ئىنسانلارغا ئۆزىنىڭ تۇرغان شارائىتىنى تولۇق بىلدۈرۈش، ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى-چوڭقۇر ئېنىقلىتىش، ئۆزىنىڭ قارارگاھىنى بىلدۈرۈش، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرۈپ، توغرا كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلىتىشتىن ئىبارەت. پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۇلۇغلاپ ئەمەل قىلىدىغان ئۇلۇغۋار كىتاب «قۇرئان كەرىم» دىكى تەلىم ۋە بېشارەتلەر كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تولۇق ئېچىپ بەرگەن. ئۇنىڭ تۈپ ئېتىقاد پرىنسىپى مۇسۇلمانلارنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى ئىدىيىسى ۋە ئىش-ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق مەنىۋى ئاساسى بولۇپ، مۇشۇ ئاساستا كىشىلىك تۇرمۇش مۇساپىسىنىڭ بارلىق قائىدىلىرى ۋە مول ئالاھىدىلىككە ئىگە قىممەت قارىشى بەلگىلەنگەن.

### 1. ئىماننىڭ مېغىزى — كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نېگىزى

ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى تۈپ ئېتىقادنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا تىكلىنىدۇ، يەنى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ پەرقى كامىل ئىمان بىلەن ئازغۇنلۇقنى ئايرىش ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئىنسانلار ئاللاتائالا ھىدايەت قىلغان توغرا دىنغا ئىمان ئېيتقاندىلا، توغرا يولغا ماڭالايدۇ، يەنى «قۇرئان كەرىم» دە كۆرسىتىلگەندەك، ئاللا "غەزىپىگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا" ماڭالايدۇ (1-سۈرە 7-ئايەت). «قۇرئان كەرىم» دە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: "ئاللانىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنىكى) ئاللا ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، ئاللانىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ" (30-سۈرە، 30-ئايەت). ھالبۇكى، ئىماننىڭ مېغىزى بىردىنبىر ئاللانى بەرھەق بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش، ئاخىرەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ھەققىي ئىشىنىشتۇر. ئىسلام دىنىنىڭ قارىشى-

چە، ئاللاتائالا ئالەمدىكى پۈتكۈل كائىناتنى ياراتقۇچى، ئاللا ھەممىنى بىلىپ تۇرىدۇ، ھەممە يەردە مەۋجۇت، ئۇ ئادەمنىڭ تەپەككۇرى ۋە پەرىزى بىلەن تۇرمايدۇ، بەلكى ئالەمدىكى پۈتۈن كائىناتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەردە كونكرېت گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، ئىنسانلار مەيلى ئۇزاق-ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇرۇنقى قالاق ئىپتىدائىي جەمئىيەت مەزگىلىدە ياشىغاندا بولسۇن، مەيلى پەن-تېخنىكا كۈندىن-كۈنگە تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زاماندا ياشاۋاتقاندا بولسۇن، مەيلى ئاۋات مەركىزىي شەھەرلەردە ياشىغاندا بولسۇن، ياكى خىلۋەت يېزا-قىشلاقلاردا ياشىغاندا بولسۇن، پەقەت بىرىلىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان، ئىجتىھاد بىلەن ئىزدىنىدىغانلا بولسا، بۇ ھەقىقەتنى سېزەلەيدۇ ۋە مۇئەييەنلەشتۈرەلەيدۇ. ئۇلۇغ خۇدانىڭ بارلىقى ۋە قادىرلىقىغا ھەقىقىي ئىشەنگەندىلا، ھەق-ناھەقنى پەرق ئېتەلەيدۇ، ياخشى-يامانغا ھۆكۈم قىلالايدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي ئەھمىيىتىنى ئوبدان چۈشىنەلەيدۇ؛ ئاخىرەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھەقىقىي تونۇغاندىلا، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىتى ۋە قارارگاھىنى بىلىۋالالايدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە نۇرغۇنلىغان ئېنىق دەلىللەر بار:

"ئاللا ئاسمانلارنى، زېمىننى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نەرسىلەرنى ئالتە كۈندە ياراتتى" (32-سۈرە، 4-ئايەت).

"غەيبنىڭ خەزىنىلىرى ئاللانىڭ دەرگاھىدىدۇر، ئۇنى پەقەتلا ئاللا بىلىدۇ، قۇرۇقلۇقتىكى، دېڭىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللا بىلىدۇ، (دەرەختىن) تۆكۈلگەن ياپراقتىن ئاللا بىلمەيدىغان بىرەرسىمۇ يوق، مەيلى قاراڭغۇ يەر ئاستىدىكى بىرەر دانە ئۇرۇق بولسۇن، مەيلى ھۆل ياكى قۇرۇق نەرسىلەر بولسۇن، ھەممىسى (ئاللاغا مەلۇم بولۇپ) لەۋھۇلمەھپۇزدا يېزىقلىقتۇر" (6-سۈرە، 59-ئايەت).

"ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا، ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئاللا ئۇنىڭغا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ۋە ئىلگىرى ئاللا نازىل قىلغان كىتابلارغا (يەنى قۇرئاندىن ئىلگىرى نازىل قىلىنغان ساماۋى كىتابلارغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلەر. كىمكى ئاللانى، ئاللانىڭ پەرىشتىلىرىنى، كىتابلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى ۋە ئاخىرەت كۈننى ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇ قاتتىق ئازغان بولىدۇ" (4-سۈرە، 136-ئايەت).

"سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئۇلارنى (يەنى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنى) (ھالاك قىلغان) دىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى ئورۇنباسار قىلدۇق" (10-سۈرە، 14-ئايەت).

"ئاللاغا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ يوقتۇر" (2-سۈرە، 62-ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردىن مۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقاد يەنى ئاللاغا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلارغا، پەيغەمبەرلەرگە، ئاخىرەت كۈنىگە ۋە تەقدىرگە ئىمان كەلتۈرۈش— كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ نېگىزىدۇر. بۇ دۇنيادا ياشاشتىن مەقسەت ئۇ دۇنيادىكى بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشتۇر. قىيامەت كۈنى ياخشىلار جەننەتكە كىرىپ مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىدۇ، يامانلار دوزاختا تاشلىنىپ ھەسسىلەپ ئازاب چېكىدۇ. مانا بۇلار ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ نەدىن كېلىپ، نەگە بارىدىغانلىقى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن، ئاللاتائالانىڭ ئىنسانىيەتنى دۇنيانى ئىدارە قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ياراتقانلىقى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىلگەن، ئىنسانلارنىڭ رېئال تۇر-

www.uyghurkitap.com

مۇشتا ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشى، تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىدىكى مۇقەررەرلىك ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. دېمەك، بۇ دۇنيادا جاپاغا چىداپ ئەجىر سىڭدۈرمىگەندە، ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگىلى بولمايدۇ، بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر ئارقىلىق، "تەقدىرچىلىك" تەرەپدارلىرىنىڭ ئۈمىدسىزلىك قارىشى ۋە پاسسىپ ئىدىيىسى تۈپتىن تەۋرىتىلگەن، ئىنسانلار دۇنيادا تۆھپە كۆرسىتىشىدىغان توغرا يولغا كىرىشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ئىنسانلار دۇنيانىڭ باشقۇرغۇچىسى بولغان ئىكەن، ئۇ ھالدا، خۇددى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ۋەتەننى سۆيۈش ئىماننىڭ جۈمەلىسىدىندۇر" دەپ ئېيتقاندەك، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۇسۇلمان خەلق ئۆز ۋەتىنىنى ئاسرىشى لازىم. بۇمۇ ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ تەركىبىي قىسمى.

### 2. ئەخلاقتا تەربىيىلىنىش—كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قىبلىسى

ئىسلام دىنىنىڭ ئەدەب ئىدىيىسى ۋە ئەخلاق قىممىتى يۈزلىنىشىنىمۇ، ئوخشاشلا، ئىسلام دىنىنىڭ ئېتىقاد پرىنسىپى بەلگىلەيدۇ، ئۇ—ئىنسانلار رېئال تۇرمۇشتا جەزمەن بويسۇنىدىغان ۋە ئەمەل قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەت مىزانى، شۇنداقلا ئىسلامىيەت كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن بىرى. ئىش-ھەرىكىتى ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە شەرىئەتنىڭ تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كەلگەنلەر ھەقىقىي مۆمىنلەر ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، شەرىئەتكە بويسۇنۇش دەرىجىسى ئاللاتائالانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىش دەرىجىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا مۇكاپاتلىنىش-جازالىنىش دەرىجىسىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى بۇنى: ھەرقانداق ساداقەتلىك ئاللاغا بولغان ساداقەتلىكتىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ، ھەرقانداق ۋاپادارلىق ئاتا-ئانىغا بولغان ۋاپادارلىقتىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ، ھەرقانداق بىلىش ئاللانى بىلىشتىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ، ئىلمى تەۋھىد ھەممە ئىلىمنىڭ ئانىسى، دىنىنىڭ نېگىزى دەپ يەكۈنلىگەن. «قۇرئان كەرىم»، ھەدىس شەرىپ ۋە باشقا كىتابلارنى ئومۇمىي جەھەتتىن كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق بىلىۋالغىلى بولىدۇكى، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ جەھەتلەردىكى تەلەپلىرى نۇرغۇن، قەتئىي، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرھلىرى ئېنىق ۋە تەپسىلى. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلىدۇ:

"ئى مۆمىنلەر! ئاللاغا، پەيغەمبەرگە ۋە ئۆزۈڭلاردىن بولغان ئىش ئۈستىدىكىلەرگە ئىتائەت قىلىڭلار" (4-سۇرە، 59-ئايەت).

"سىلەر ئاللاغىلا ئىبادەت قىلىڭلار، ئاتا-ئانىغا، خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىڭلار، ناماز ئۆتەڭلەر، زاكات بېرىڭلار" (2-سۇرە، 83-ئايەت).

"مۆمىن ئەرلەر، مۆمىن ئاياللار بىر-بىرى بىلەن دوستتۇر، ئۇلار (كىشىلەرنى) ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، يامان ئىشلاردىن توسىدۇ، نامازنى (تولۇق) ئادا قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ، ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئەنە شۇلارغا ئاللا رەھىم قىلىدۇ" (9-سۇرە، 71-ئايەت).

"ئى مۆمىنلەر! سەۋر ئارقىلىق ۋە ناماز ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار، ئاللا ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر" (2-سۇرە، 153-ئايەت).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن: "كىمكى ئاللا يولىدا پاكى ئىلمىنى گۈللەندۈرۈپ ئادەم تەربىيىلەشتە بىر يارماق ئىشلەتسە، ئاللا ئۇنىڭغا جەننەتتە بىر سارايى ئاتا قىلىدۇ." بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىسلام دىنى تەشەببۇس

قىلىدىغان ئەخلاق قائىدىلىرى ئىنسانىيەتنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى ھەممە تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇلارنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

(1) ئاللاغا ۋە ئاللانىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش، ئاللانىڭ ئىرادىسى ۋە پەيغەمبەرنىڭ تەلىمىگە ئىتائەت قىلىش.

(2) سەۋر قىلىش ۋە ئەيمىنىش. يەنى ئېتىقادتا چىڭ تۇرۇش، ئاللادىن ئەيمىنىش.

(3) ئاتا-ئانىغا ۋاپادار بولۇش، تۇل خوتۇن، يېتىم-يېسىرلەرگە ياخشىلىق قىلىش، غېرىب-غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلاش.

(4) ئىش ۋە ئادەمگە خالىسلىق، تۈز كۆڭۈللۈك، ئادىللىق، كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش.

(5) ئىتتىپاق بولۇش، ئۆزئارا يار-يۆلەك بولۇش، ئېلىم-سېتىمدا ئادىل بولۇش، كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش.

(6) كىشىنى ياخشى ئىشقا دەۋەت قىلىش، يامان ئىشتىن توسۇش.

ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشكە دائىر مانا بۇ بەلگىلىمە ۋە كۆز قاراشلار ئىسلام دىنىنىڭ تىنچلىق، خاتىرجەملىك ۋە مۇقىملىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئىدىيىسىنى، ھەم مېھرىبانلىق-شەپقەتلىك ئەدەب قارىشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ يالغۇز مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىشى، دىلىنى پاكلاشتۇرۇشى، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئىتتىپاقلىقنى ئالغا سۈرۈشى ئۈچۈنلا ياخشى رول ئويناپ قالماي، بەلكى ھازىرقى ۋاقىتتا مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈنمۇ زور دەرىجىدە پايدىلىق.

### 3. ھازىرقى دۇنيا تۇرمۇشى كىشىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن سىناقتۇر

ئىسلام دىنى ئىككى دۇنيالىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان دىن. دىنىي ئەمەللەرنى قاتتىق ئادا قىلىش ئاساسىدا، ھەم ئاخىرەتلىك بەرىكەتنى ئارزۇ قىلىشنى، ھەم بۈگۈنكى دۇنيادىكى بەخت-سائادەتكە ئىنتىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى مەشھۇر ئالىم ليۇجىژ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”بۇ دۇنيا ئۇ دۇنيانىڭ ئېتىزى، گۈل تېرىساڭ گۈل ئالىسەن، تىكەن تېرىساڭ تىكەن ئالىسەن.“ بۇ دۇنيادىكى تۇرمۇش كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇساپە، ئاخىرەتكە بارىدىغان كۆۋرۈك. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەمنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارى قانداق بولسۇن، ياشاش شارائىتى قانداق پەرقلىق بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇستەسناسىز ھەر خىل سىناقتىن ئۆتىدۇ ھەمدە ھەربىر ئادەم ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان ئىقتىدار ۋە شارائىت بويىچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. شۇڭا، بۇ دۇنيا تۇرمۇشىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئاخىرەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشمۇ، ياكى ئاخىرەتتىكى بەرىكەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ دۇنيالىققا ئىنتىلىشكە سەل قاراش ئىددىيىسى ۋە ھەرىكىتىمۇ خاتا. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: ”ئاللا ساڭا بەرگەن بايلىق بىلەن ئاخىرەت يۇرتىنى تىلىگىن، دۇنيادىكى نېسىۋەڭنىمۇ ئۇنتۇمىغىن“ (28-سۈرە، 77-ئايەت). ”ناماز ئوقۇلۇپ بولغاندا (يەنى نامازدىن پارىغ بولغىنىڭلاردىن كېيىن) زېمىنغا تارىلىپ (يەنى ئۆز مەشغۇلاتىڭلار بىلەن بولۇپ)، ئاللانىڭ پەزلىدىن تەلەپ قىلىڭلار، مەقسىتىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئاللانى كۆپ ياد ئېتىڭلار“ (62-سۈرە، 10-ئايەت). مانا مۇشۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى بۇ دۇنيادىكى مەنىۋى-ماددىي تۇرمۇشقا ئىنتىلىشكە، زاھىدلىق ۋە تەركىدۇنيالىقتىن خالاس بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ”تەقدىرچىلىك“ ئازغۇنلۇقىغا كىرىپ قالماسلىق ئۈچۈن، ھەم ماددىي پاراغەت تەمەخورلۇقى پاتقىقىغا چۆكۈپ قېلىشتىن ساقلىنىش، ھەم پاسسىپ تەركىدۇنيا ئۈمىدسىزلىكىدىن ساقلىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لازىم. ئىنسانلار بۇ دۇنيالىق تۇرمۇشقا ئاكتىپ
پوزىتسىيە قوللىنىشى لازىملىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى
شۇكى، ئاللاتائالا ئىنسانلارنى دۇنيانى باشقۇرۇش
ۋەزىپىسىنى ئادا قىلسۇن دەپ ياراتقان، ئاللاتائالا
ھەربىر ئادەمنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىگە قاراپ ياخ-
شىلىق قايتۇرىدۇ. دېمەك، ئىنسانلار بۈگۈنكى تۇر-
لۈك سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ھاياتلىقتىكى
مەنىۋى ئۆرلەش كۈچىنى توپلاپ ۋە يېتىشتۈرۈپ،
ئاللانىڭ ئىرادىسىگە باشتىن ئاياغ تەۋرەنمەي بوي-
سۇنۇپ، پەيغەمبەرنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلغان،
ساۋابلىق-ساخاۋەتلىك ئىش قىلغان، ئۈمىدۋارلىق
بىلەن ئالغا باسقاندىلا، كىشىلىك تۇرمۇشنى كامال-
لىغا يەتكۈزۈپ، مەڭگۈلۈك قارارگاھقا ماڭىدۇ-دە،
"ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە يېتىش"تىن
ئىبارەت يۈكسەك نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئال-
لاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە بەندىلەرگە مۇنداق
دەپ ئېنىق ئۇقتۇرغان: "سىلەرنى بىز يامانلىققا
ۋەپتىلا قىلىش، ياخشىلىق بېرىش ئارقىلىق سىناي-
مىز. سىلەر بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتىسىلەر
(ئەمەلىڭلارغا يارىشا جازالايمىز)" (21-سۈرە،
35-ئايەت). "ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل-
لەرنى قىلغانلار — ئەنە شۇلار مەخلۇقاتلارنىڭ
ياخشىسىدۇر. ئۇلارغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا
بېرىلىدىغان مۇكاپات (ئۇلارنىڭ) تۇرار جايى بول-
غان، ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەن-
نەتلەردۇركى، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ.
ئاللا ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلارمۇ ئاللادىن مەم-
نۇن بولىدۇ. بۇنىڭغا پەرۋەردىگارىدىن قورققان
ئادەم ئېرىشىدۇ" (98-سۈرە، 7—8-ئايەتلەر).

## ئاخىرەتكە ھاۋالە قىلىنىش — كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ قارارگاھى

ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىدىغانلىقىغا، قىيامەت
سورىقىغا قەتئىي ئىشىنىش ھەم ئاخىرەتنى كىشى-
لىك تۇرمۇشنىڭ قارارگاھى دەپ قاراش ئىسلامى-
يەت كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ تەركىبىي
قىسمى، شۇنداقلا ئىسلام دىنىنىڭ ئەزەلىلىك، بۇ
دۇنيالىق، ئاخىرەتلىك كۆز قارىشىنىڭ گەۋدىلىنى-
شىدۇر. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك، بۇ دۇنيا بىلەن
ئاخىرەت بىر-بىرىگە سەۋەب-نەتىجە بولىدۇ،
بىر-بىرى بىلەن باغلىنىدۇ، كىمكى بۇ دۇنيادا
سەۋرلىك پوزىتسىيە بىلەن ئاللا يولىدا كۈرەش
قىلىدىكەن، شۇ ئاخىرەتتە جەننەت بەخت-سائادى-
تىدىن مەڭگۈ بەھرىمەن بولىدۇ. ئەكسىچە قىلغان-
لار، ھەسسىلەپ ئېغىر جازاغا مەھكۇم بولىدۇ.
«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دەپ نەسىھەت بېرىلى-
دۇ: "كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن
بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن،
مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (ئاللانىڭ دەر-
گاھىدا) قوبۇل بولىدۇ" (17-سۈرە، 19-ئا-
يەت). "ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بۇ دۇنيادا مۇكا-
پاتلىنىدۇ، ئاخىرەت يۇرتى (ئۇلار ئۈچۈن تېخىمۇ
) ياخشىدۇر. تەقۋادارلارنىڭ يۇرتى راستلا نېمىدې-
گەن گۈزەل!" (16-سۈرە، 30-ئايەت). شۇڭلا-
شقا، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ دۇنيادا
ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئاخىرەتنى كۆزلەش، ھەم مۇ-
قەددەس كىشىلىك تۇرمۇش ئىنتىلىشى، ھەم بىر
خىل مەنىۋى تەسەللى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ھار-
ماي تىرىشىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە،
كىشىلەرنى ئوڭۇشلۇق چاغلاردا بىپەرۋالىق قىل-
ماسلىق، كۆرەڭلىمەسلىك؛ تەتۈر شارائىتقا دۇچ
كەلگەندە، روھسىزلانماسلىق، ئاغرىنماسلىققا رىغ-
بەتلەندۈرىدۇ؛ كىشىلەرنى بۈگۈنكى تۇرمۇش يو-
لىدىكى كۈرەشكە چىدامىلىق غەيرەت، يۇقىرى
كۈرەش ئىرادىسى بىلەن ئاتلىنىپ، ئاللاتائالا تاپ-
شۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلاش، ئاندىن پۈتۈن جەم-
ئىيەتكە، پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بەخت-سائادەت يا-
رىتىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا،
ئاخىرەت ھەقىقىي قارارگاھ بولغاچقا، (ئاخىرى 44-بەتتە)

# روزا تۇتۇش

مۇھتەرەم هاجى

”روزا“ دېگەن سۆز ئەسلى پارس تىلىدىن ئىسلام دىنى ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى ”كۈن“ دېگەن مەنىدە، دىنىي ئاتالغۇ مەنىسى ئىسلام دىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ رامىزان ئېيىدا ھەر كۈنى تاڭ سەھەردىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغانغادەر ئاللاتائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يېمەك-ئىچمەك، جىنسىي مۇناسىۋەتتىن ئۆزىنى بىر كۈن تۇتۇۋالماق، دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنى ئەرەب تىلىدا ”سەۋم“ دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ مەنىسىمۇ ”تۇتماق ياكى ئۆزىنى بىر كۈن روزىنى بۇزۇپ قويىدىغان بارلىق ئىشلاردىن تۇتماق“ دېگەن مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. روزا تۇتۇش قەدىمكى ئىبادەتلەرنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ بۇنىدىن بۇرۇن ئاللاتائالا تەرىپىدىن دۇنياغا كەلگەن ھەممە دىنلاردا مۇقەددەس ئىبادەتلەر قاتارىدا سانىلىپ كەلگەن بىر خىل دىنىي تۈزۈم. بۇ دىنلارغا ئۆز ۋاقتىدا ئېتىقاد قىلغان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل دىنىي بەلگىلىمىلىرى بويىچە ۋاقىت ياكى شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش بولمىغان ھالدا روزا تۇتۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ كەلگەن، رىۋايەت قىلىنىشىچە، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا 40 كۈن روزا تۇتقان، ئىسا ئەلەيھىسسالامىمۇ ئۆزىنىڭ ياردەمچىلەرى بىلەن بىرگە روزا تۇتقانلىقى رىۋايەت قىلىنغان ھەمدە ئۇلار بۇ روزا تۇتۇش بەلگىلىمىسىنى ئەك مۇھىم مۇقەددەس ئىبادەتلەر قاتارىغا قويغان. بۇ دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدىغان كىشىلەر ھازىرغاقەدەر بۇ تۈزۈمنى ئىجرا قىلىپ كەلمەكتە. ئىسلام دىنىدا ھىجرىيىنىڭ 2-يىلى رامىزان ئېيىدا بىر ئاي روزا تۇتۇش پەرز قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ ھەقتە ئاللاتائالا «قۇرئان كەرىم»دە ”ئى مۆمىنلەر! روزا تۇتۇش خۇددى سىلەردىن بۇرۇنقى كىشىلەرگە پەرز قىلىنىپ بەلگىلەنگەندەك سىلەرگىمۇ پەرز قىلىندى“ دەپ ئوچۇق جاكارلىغان (2-سۈرە، 183-ئايەت). شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بارلىق مۇسۇلمانلار ھەر يىلى بۇ رامىزان ئېيىنى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالىدىغان، بۇ ئۇلۇغ ئاينىڭ كىرىشى بىلەن بىر-بىرىنى ئۆزئارا تەبرىكلىشىدىغان، پۈتۈن بىر ئاي ئىچىدە ئۆزىنىڭ ساپ قەلبىنى ئۇلۇغ ئاللاتائالاغا بېغىشلاپ روزا تۇتىدىغان بولۇپ، بۇ ئاينى ئاللاتائالاغا ئىبادەت قىلىدىغان ئۇلۇغ ئىبادەت مەۋسۇمىگە ئايلاندۇرغان.

پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلار رامىزان ئېيىنى بەك قەدىرلەيدۇ. ئۇلار مۇشۇ ئاي ئىچىدە كۆپرەك ئىبادەت قىلىۋېلىشنى، باشقىلارغا كۆپرەك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشنى ئويلايدۇ. چۈنكى بۇ ئايدا نۇرغۇنلىغان خۇسۇسىيەتلەر بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە بەك ئالاھىدە تۇرىدىغىنى قەدىر كېچىسى. بۇ كېچىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى نازىل

ئۇيغۇر كىتاب تورىبىكىتى www.uyghurkitap.com

بولۇش باشلانغان بولۇپ، بۇ كېچىنى ئاللاتائالا
تەسۋىرلەپ "قەدىر كېچىسى مىڭ ئايدىن ياخشى
" دېگەن. دېمەك، بۇ كېچىدە ئىبادەت قىلغان
كىشى باشقا ئايلاردا، باشقا كۈنلەردە مىڭ ئاي
ئىبادەت قىلغاندىن كۆپرەك ساۋابقا ئېرىشىدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا، رامزان ئېيىدا باشقا ئايلاردا
بولمىغان ئاللاھقا ئىبادەت تۈرلىرىدىن تەراۋىھ نا-
مىزى، ئېتىكاپ قىلىش ئادەتلىرى بار ھەممە مۇ-
سۇلمانلار بۇ ئايدا مەيلى ئۆزلىرىنىڭ تەراۋىھ ناماز-
لىرىدا بولسۇن ياكى ئۆيىدىكى ئايرىم ئوقۇشىدا
بولسۇن «قۇرئان كەرىم»نى بىر قېتىم تىلاۋەت
قىلىپ ئۆتكۈزۈۋېلىشنى مۇستەھەب دەپ قارايدۇ.
بۇ ئاي ئىچىدە ئۆزئارا ماجىرا چىقىرىش، غەيۋەت-
شىكايەت قىلىش، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ
قويۇشنى ھارام دەپ بىلىپ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار-
نىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. پەيغەمبە-
رىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام رامزان ئېيى كەل-
گەن ۋاقىتتا مۇنداق دەيتتى: "سىلەرگە مۇبارەك
بىر ئاي كېلىپ، بۇ ئايدا سىلەرگە روزا تۇتۇش
پەرز بولدى. بۇ ئايدا جەننەتنىڭ ئىشىكلىرى ئېچى-
لىدۇ، دوزاخنىڭ ئىشىكلىرى تاقىلىدۇ. جىن-شەي-
تانلار كىشەنلىنىدۇ. بۇ ئايدا بىر كېچە بولۇپ،
بۇ كېچە مىڭ ئايدىن ياخشىراق، ئەگەر بىر كىشى
بۇ كېچىنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىدىن ئۆزىنى مەھ-
رۇم قىلسا، ئۇنىڭغا نەسىپ بولمايدۇ".

## روزا تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى

ئاللاتائالا دۇنيادىكى بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇش-
لىرىنى بىر خىل ئىلمىي ھېكمەت بىلەن، نۇرغۇن-
لىغان ئارقا كۆرۈنۈشلەر، كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىپ
بولالمايدىغان تەرتىپلەر بىلەن بېكىتىپ، ئۆزىنىڭ
ھەقىقىي مەبۇدلۇق سالاھىيىتىنى ئىنسانلارغا تونۇ-
تىدۇ. شۇڭا ئىسلام دىنىدىكى روزا تۇتۇش كىشى-
لىك تۇرمۇشتىكى يېيىش-ئىچىش، جىنسىي تۇر-
مۇش تەرەپلەردىن مۇسۇلمانلارغا قويۇلغان بىر
خىل چەكلىمە بولۇپلا قالماستىن، ئۇنىڭ ئارقا
كۆرۈنۈشىدە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي نەزەرىيىلەر، ئىل-
مىي ھېكمەتلەر بار، بۇ ئاللاھىدىلىكلەر روزىنى
روزىنىڭ ھەقىقىي تەلپىگە لايىق، شەرتلىرىگە ئۇيى-
غۇن، شەرئەت كۆرسىتىپ بەرگەن يوسۇندا تۇت-
سا، شۇ كىشىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدە نامايان
بولىدۇ. شۇڭا روزا تۇتماقچى بولغان كىشى يې-
يىش-ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش
ئىشلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش بىلەن بىرگە،
ئۆزىنىڭ جىسمىدىكى بارلىق ئەزالىرىنى روزا تۇ-
تۇش تەلەپلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ناچار ئىش-ھەرى-
كەت، يامان گەپ-سۆزلەردىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشى
كېرەك. روزا تۇتقان ئادەمنىڭ چوقۇم بارلىق ئەزالى-
رىمۇ بىرگە روزا تۇتۇشى، يامان ئىشلارغا قول
سالماسلىقى، پۇتى يامان ئىش-ھەرىكەتلەرگە قەدەم
باسماسلىقى، ئاغزى ھەر خىل يامان گەپ-سۆز،
غەيۋەت-شىكايەتلەرنى قىلماسلىقى، قۇلىقى مۇ-
شۇنداق گەپ-سۆزلەر قىلىنسا زەڭ سېلىپ تىڭشى-
ماسلىقى، كۆزى شەرئەتتە ھارام دەپ بەلگىلەنگەن
ھەر خىل شەھۋانىي مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلىماس-
لىقى كېرەك. مۇشۇنداق روزا تۇتقان كىشى ھەقى-
قىي تەلەپكە لايىق ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغان
بولىدۇ ھەمدە ئىسمى جىسمىغا لايىق بىر مۇسۇلمان
كىشىنىڭ ئەخلاقىي پەزىلىتىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن
بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالام يولىيورۇق بېرىپ مۇنداق دېگەن:
"سىلەردىن بىرىڭلار روزا تۇتسا، ئۇ يامان گەپ-
سۆزلەردىن ساقلىنىشى، ۋارقىراپ-جارقىرماسلىقى،
نادانلىق قىلماسلىقى كېرەك. ئەگەر باشقا بىر كىشى
ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، ياكى ئۇنى تىللىسا،
ئۇ، ئۇنىڭغا ئىككى قېتىم مەن روزا تۇتۇۋالغان
دېسۇن." پەيغەمبىرىمىز يەنە مۇنداق دەپ كۆر-
سەتكەن: "ھەرقانداق بىر (روزا تۇتقان) كىشى
يالغان سۆزلەشنى، ساختىپەزلىك بىلەن ئىش قە-

لىشنى تاشلىمىسا، ئاللاتائالانىڭ ئۇ كىشىنىڭ (پۈتۈن بىر كۈن) يېمەك-ئىچمەكنى تاشلىشىغا قىلچە ھاجىتى يوق". بۇ ھەدىسلەرنىڭ روھىدىن شۇنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇكى، روزا تۇتۇش — مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىدىكى بىر خىل ئىبادەت شەكلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ مۇسۇلمانلارنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۇلارنىڭ روھىنى تەربىيىلەپ چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارغا ساپ قەلب، ساپ ۋىجدان، ھەقىقىي تەقۋادارلىق ۋە پاك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئاتا قىلىدىغان ئۇلۇغ بىر دىنىي پائالىيەت. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز: "روزا دېگەن بىر خىل مۇداپىئە قالقىنى" دېگەن. بۇ ھەدىس 1400 يىل ئىلگىرى دېيىلگەن بولسىمۇ، ئۇ مەنىسى چوڭقۇر، نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ھېكمەتلىك سۆز بولغىنى ئۈچۈن، ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقات نەتىجىسىدە روزىنىڭ تۆۋەندىكى ئىشلاردىن مۇداپىئە قىلىندىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

1. روزا تۇتقان كىشى ئاللاتائالانىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇ روزا ئارقىلىق ئۆزىنى ئاللاتائالانىڭ غەزىپىدىن ساقلىيالايدۇ.

2. ئۇ كىشى شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن روزا پەرزىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەركانلىرىنىڭ بىرىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

3. ئۇ كىشى ئۆزىدە ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، تەڭ-باراۋەر ئورتاق ياشاشقا بولغان كۆز قاراشلىرىنى توغرىلاپ، شەخسىي مەنپەئەتچىلىكتىن ئۆزىنى ساقلىيالايدۇ.

4. ئۇ كىشى ھەقىقىي ئاچارچىلىقنىڭ دەردىنى تېتىپ، كەمبەغەللەرگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلىتىپ، ئۆزىدە بىر خىل ھېسداشلىق قىلىش روھىنى ساقلىيالايدۇ.

5. ئۇ كىشى ھەقىقىي تۇردە تۇرمۇشتا ئىنسانلارغا يېتىدىغان بەزى قىيىنچىلىقلارنى چۈشەنىپ يېتىپ، ئۆزىدە بىر خىل سەۋر-تاقەتلىك روھىنى ساقلىيالايدۇ.

## رامىزان ئېيىنىڭ كىرىشى

روزا تۇتۇش ھەر يىلى ھىجرىيە كالېندارى بويىچە 9-ئاينىڭ كىرىشى بىلەن باشلىنىپ، بىر ئاي داۋام قىلىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلار روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزىدىغان رامىزان ئېيى بولۇپ، بۇ ئاينىڭ كىرىشى يېڭى ھىلال ئاينىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن باشلىنىدۇ. شەۋۋال ئاي (ھىجرىيە 10-ئاي) نىڭ ھىلالى كۆرۈنۈشى بىلەن ئاياغلىشىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "سىلەر ھىلال ئاينى كۆرۈش ئارقىلىق روزا تۇتۇشنى باشلاڭلار، ھىلال ئاينى كۆرۈش ئارقىلىق روزاڭلارنى ئېچىڭلار، ئەگەر ھاۋا تۇتۇق بولۇپ كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولمىسا، شەئبان ئاي (ھىجرىيە 8-ئاي) نى تولۇق 30 كۈن تولدۇرۇڭلار" دېگەن. شۇڭا ھەر يىلى شەئبان ئاينىڭ 29-كۈنى مۇسۇلمانلار رامىزاننىڭ ھىلالىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىشى، ھىلال ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇشى كېرەك. بۇ، ھاۋا ئوچۇق كۈنگە ئۇدۇل كەلسە، روزا تۇتۇش ئۈچۈن چوقۇم بىرقانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ھىلال ئاينى كۆرگەنلىكى ئىسپاتلىنىشى كېرەك. ھاۋا تۇتۇق كۈندە بولسا، ھەقىقىي ئىشەنچلىك بىر كىشى ھىلال ئاينى كۆرگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە بولىدۇ. دېمەك، رامىزان ئېيىنىڭ ھىلالىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىنتىلىش ھەربىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى بولۇپ، ھىلال ئاينى كۆرگەن كىشى چوقۇم باشقىلارغا خەۋەر قىلىشى ياكى ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا ئوچۇق ئېلان قىلىشى كېرەك.

ھازىر دۇنيادا ئىلىم-پەننىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىمۇ رامىزاننىڭ ھىلال ئېيىنى كۆرۈش ئۇسۇل-

www.uyghurkitap.com

لىرى تەرەققىي قىلىپ، بۇ ئىشلارنى دۆلەت دەرىجىلىك ھاۋا رايى ئورگانلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان بولدى. ئىسلام دۆلەتلىرىدە رامىزان ئېيىنىڭ كىرىشىنى، چىقىشىنى دۆلەت تەرىپىدىن رادىئو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق تەشۋىقات ۋاستىلىرى ئارقىلىق بىر تۇتاش ئېلان قىلىدىغان بولدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ مەملىكىتىمىزدىمۇ جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى يىڭى تېپتىكى مىلادىيە-ھىجرىيە سېلىشتۇرما كالىندارلىرىنى ئىشلەپ چىقىپ، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇرۇپ، كەڭ مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ۋاقىت ئۆلچەملىرىنى تېخىمۇ ئوچۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ۋاقىت جەھەتتىن بىردەكلىككە ئىگە بولدى.

## قانداق كىشىلەر روزا تۇتىدۇ؟

روزا تۇتۇش ھەربىر مۇسۇلمان كىشىنىڭ گەدىنىدە پەرز بولغان، ئىسلام دىنىدىكى بەش ئەركاننىڭ بىرسى بولۇپ، بۇنى ھېچقانداق ئۆزرە-سەۋەبسىز قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. ئەگەر ئەقلىدىن ئازغان كىشى بولسا بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇنىڭغا روزا تۇتۇش پەرز ئەمەس. شۇڭا ھەرقانداق مۇسۇلمان كىشى روزا تۇتۇشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان دىنىي مەجبۇرىيىتى دەپ قارىشى كېرەك. لېكىن بۇ مەجبۇرىيەت كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ھەر خىل شارائىت، خىلمۇخىل قىيىنچىلىق، تۈرلۈك ئۆزرە-سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېچىكتۈرۈلىدۇ ياكى شۇ كىشىلەرنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىغا قاراپ مەلۇم بەدەل ئاستىدا كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. بۇ ئەمەلىي ئەھۋاللارغا ئاساسەن، روزا تۇتىدىغان كىشىلەر تۆۋەندىكى تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

**1. چوقۇم ئۆز ۋاقتىدا روزا تۇتىدىغان كىشىلەر**

ئۆز يۇرتىدا مۇقىم تۇرىدىغان، تەن سالامەتلىكى نورمال، روزا تۇتسا تەن سالامەتلىكىگە ھېچقانداق تەسىر يەتمەيدىغان، تۇرمۇشىدىمۇ قىيىنچىلىقى يوق كىشىلەر رامىزان ئېيىدا چوقۇم بىر ئاي روزا تۇتۇشى كېرەك. بۇنداق كىشىلەر قەستەن روزا تۇتمىسا ياكى روزا تۇتۇپ كۈن يېرىمىدا قەستەن روزىسىنى بۇزۇپ تاشلىسا، شەرئەت بەلگىلىمىسى بويىچە ئۇ، بۇ قىلمىشىنىڭ جەرىمانىسىغا چوقۇم بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى كېرەك، ئەگەر قۇلى بولمىسا ياكى شارائىتى يار بەرمىسە، ئۇ كىشى چوقۇم 60 كۈن ئارقىمۇئارقا ئۈزۈلدۈرمەستىن روزا تۇتۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ بۇنىڭغىمۇ ئىمكانىيىتى يار بەرمەي، ئەمەلىي ئەھۋالى قولايلىق بولمىسا، 60 كەمبەغەل كىشىنى بىر كۈن يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلىشى ياكى بىر كەمبەغەلنى 60 كۈن ئىككى ۋاخلىق قورسىقى تويغۇدەك ئوزۇق بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

**2. روزا تۇتۇشنى كېچىكتۈرسىمۇ بولىدىغان كىشىلەر**

بۇلار ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) روزا تۇتماقچى بولغان كىشى ئاغرىق بولۇپ، روزا تۇتسا كېسىلى ئېغىرلاپ قېلىشىدىن ياكى كېچىكىپ ساقىيىشىدىن، باشقا بىر كېسەلگە ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىسە، بۇ كىشى روزا تۇتۇشنى قالدۇرۇپ، ساقايغاندىن كېيىن قازاسىنى تۇتۇپ تولدۇرۇۋالسا بولىدۇ.

2) بىر كىشى شەرئەت يولغا قويغان دائىرە ئىچىدىكى مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىش ئۈچۈن ياكى تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن 15 كۈنلۈك ياكى ئۇنىڭدىن ئاز مۇددەتلىك سەپەرگە چىقىپ، 89 كىلومېتىردىن ئوشۇقراق مۇساپىنى باسقان بولسا، بۇ ئادەم مۇساپىر ھېسابلىنىپ، بۇ كىشىمۇ روزىسىنى قالدۇرۇپ، كېيىن يۇرتقا بارغاندا قازاسىنى تۇتۇپ تولدۇرۇۋالسا بولىدۇ. ئەگەر بۇ كىشىنىڭ شارائىتى ياخشى، يول ئۈستىدە ياكى بارغان جايدا

روزا تۇتۇشقا توسقۇنلۇق قىلغۇدەك بىرەر ئەھۋال بولمىسا، بۇ كىشىنىڭ روزا تۇتقىنى ياخشىراق.

3) ھامىلدار ئاياللار ئۆزىنىڭ ياكى قورساقتىكى ھامىلىنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ، بۇۋاقنىڭ ساغلام تۆرىلىشىگە تەسىر يېتىشىدىن قورقسا، بۇ ئاياللار روزىنى قالدۇرۇپ، كېيىن قازاسىنى تۇتۇپ تولدۇرۇۋالسا بولىدۇ. شۇنىڭدەك يېڭى تۇغۇتتىن بوشانغان ئايال بوۋىقى بەك كىچىك، سۈت ئېمىپ تۇرغان مۇددەت ئىچىدە بولسا، بۇ ئايال روزا تۇتسا ئۆزىگە ياكى بوۋاققا ئەكس تەسىر بېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىسە، روزىنى قالدۇرۇپ، كېيىن قازاسىنى تۇتۇپ تولدۇرۇۋالسا بولىدۇ.

**3. روزىنى كېچىكتۈرۈپ چوقۇم قازاسىنى تۇتىدىغان كىشىلەر**

رامزان ئېيىدا ئايال كىشىلەر ھەيز كۆرسە ياكى ھامىلدارلىقتىن يېنىكلەپ نىفاسلىق ھالەتتە بولسا، بۇ ئاياللارنىڭ روزا تۇتۇشىغا قەتئىي بولمايدۇ. ئەگەر روزا تۇتقان ۋاقتىدا ھەيز كېلىپ قالسا، ئۇ ئايالنىڭ روزىسى بۇزۇلىدۇ. شۇڭا بۇ ئەھۋاللارغا يولۇققان ئاياللار روزىسىنى قالدۇرۇپ، ھەيزدىن پاكلانغاندا ياكى نىفاسلىق مۇددىتى توشقاندا، روزىسىنىڭ قازاسىنى تۇتۇپ تولدۇرۇۋالسا بولىدۇ.

**4. روزا تۇتماي ئۇنىڭ بەدىلىگە فىدىيە بېرىدىغان كىشىلەر**

روزا تۇتۇش ھەقىقەتەن ئېغىر كېلىدىغان، قانچىلىك تىرىشسىمۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ كېتىشكە ئىمكانىيىتى يوق، ياشانغان قېرى كىشىلەر بولسا ياكى ئېغىر بىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان، كېسەلنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەن، ئۇزاق مۇددەت يېتىپ قالغان كېسەل كىشىلەر بولسا، بۇ كىشىلەر رامزان ئېيىدا روزا تۇتماي، كۈنىگە بىر كەمبەغەلنى يېمەك-ئىچمەك بىلەن تەمىنلىسە بولىدۇ. بۇ ئىسلام دىنىدا فىدىيە بېرىش دەپ ئاتىلىدۇ.

**روزىنى قانداق تۇتۇش كېرەك؟**

روزىنىڭ ئاساسلىق رۇكنى ئىككى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى، سۈبھى يورۇغاندىن باشلاپ كۈن ئولتۇرغانغاقەدەر روزىنى بۇزۇپ قويىدىغان يېيىش-ئىچىش، جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش ئىشلىرىدىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش. يەنە بىرى، روزا تۇتۇشنى كۆڭلىدە نىيەت قىلىش، بۇنىڭدا پەقەت ئاللاتائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا روزا تۇتىدىغانلىقى مۇئەييەنلىشىشى كېرەك. چۈنكى ئىسلام دىنىدا ھەرقانداق ئىنساننىڭ ئىش-پائالىيىتى ئۆزىنىڭ نىيىتى، ئارزۇسى بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. شۇڭا روزا تۇتماقچى بولغان كىشى روزىنى كىم ئۈچۈن، نېمە ئۈچۈن تۇتىدىغانلىقىنى ھەمدە قايسى روزىنى تۇتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىگە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ روزىنىڭ كەمبەغەللىكتىن ياكى سېمىزلىكنى يوقىتىش ئۈچۈن بولماستىن، بەلكى ئۇلۇغ ئاللاتائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، كۆڭلىگە پۈككۈشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كىشى نىيەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، شۇ كۈنى چۈشكىچىلىك نىيىتىنى كۆڭلىدە بېكىتىۋالسا بولىدۇ. نىيەتنى قىلغاندا مەيلى ئاغزاكى تەلەپپۇز قىلسۇن ياكى كۆڭلىگە پۈكسۇن ھەممىسى ئوخشاش بولۇپ، ”مەن رامزاننىڭ روزىسىنى تۇتۇشنى نىيەت قىلدىم“ دېسە كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنىدا رامزاننىڭ پەرز روزىسىدىن باشقا، ۋاجىپ، نەفلى ھارام دېگەن بىرقانچە روزا تۇتۇش تۈرلىرى بار، شۇڭا ھەرقانداق بىر روزىنى تۇتقاندا، نىيەت قىلىشى شۇ روزىنىڭ بىر رۇكنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”ھەرقانداق بىر كىشى رامزاننىڭ روزىسىنى پەرزلىكىگە تولۇق ئىشەنچ باغلاپ، بۇ روزىغا ئاللاتائالا ئەجىر ساۋاب بېرىدۇ دېگەن كۆز قاراشتا تۇتسا، ئاللاتائالا ئاشۇ كىشىنىڭ بۇرۇنقى ھەمدە شۇنىڭدىن كېيىنكى گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىۋې-

www.uyghurkitap.com

تىدۇ". مۇشۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، ھەر- قانداق بىر كىشى روزا تۇتسا، بۇ روزا ھەقىقىي تەلەپكە لايىق، ئاللاتائالانىڭ دەرگاھىدا مەقبۇل روزا بولىدۇ ھەمدە ئاشۇ كىشى شەرىئەت ئۆلچىمىگە لايىق ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدۇ. بۇ- نىڭدىن باشقا، روزا تۇتقان كىشىلەر روزىنى بۇزۇپ قويىدىغان تۆۋەندىكى ئىشلاردىن قاتتىق ساقلىنى- شى كېرەك:

1. يېيىش-ئىچىش. 2. جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش. 3. كۈن ئولتۇرغانغا ئوخشايدۇ دېگەن گۇمان بىلەن ئىپتار قىلىپ قويۇش. 4. سۈبھى كۆتۈرۈلمىگەن ئوخشايدۇ دېگەن گۇمان بىلەن سوھۇر تامىقى يەپ قويۇش. 5. مەقسەتلىك ھالدا ئېغىزدىن ياندۇرۇش. 6. ئاياللارنىڭ كۈندۈزى ھەيز كۆرۈپ قېلىشى. 7. ئايالنى بوس قىلىش ئارقىلىق ئىھتىلام بولۇپ قېلىش. 8. ئاياللارنىڭ نىفاسلىق ھالىتى. 9. روزا تۇتقان كىشىنىڭ كۈن- دۈزى ئىپتار قىلىشنى نىيەت قىلىشى. 10. روزىغا زىت كېلىدىغان ئىشلار. بۇنىڭدىن باشقا، ئوكۇل سالدۇرۇش، كۆز-قۇلاق، بۇرۇنلارغا دورا تېمىتىش ئىشلىرىدا ئۆلىمالارنىڭ ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلىرى بولغاچقا، ئىمكانقەدەر بۇ ئىشلارنىمۇ روزا تۇتقان كىشى ئۆزىدىن سادىر قىلماسلىققا تىرىشى- شى كېرەك.

ئەمما تۆۋەندىكى بىرقانچە تۈرلۈك ئىشلار روزا تۇتقان ئادەمدىن سادىر بولسا، روزىسىغا دەخلى قىلمايدۇ: 1. ئېسىدە يوق يېيىش-ئىچىش. 2. روزا تۇتقىنىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، جىنسىي مۇ- ناسىۋەت ئۆتكۈزۈپ قويۇش. 3. ئۇخلاپ قالغاندا ئىھتىلام بولۇش. 4. چاچقا ياكى بەدەنگە ماي سۈرتۈش. 5. كۆزگە سۈرمە سۈرۈش. 6. قان ئالدۇرۇش. 7. ئادەتتىكىچە ئېغىز-بۇرۇننى چاي- قاش. 8. ئويغاق ھالەتتە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئىھتىلام بولۇش. 9. ئىختىيارسىز چاڭ-توزاڭلار- نى، ئېغىزدىكى تۈكۈرۈكلەرنى يۇتۇۋېلىش. 10. ئىختىيارسىز ئېغىزدىن ياندۇرۇش.

بۇنىڭدىن باشقا، روزا تۇتىدىغان كىشى دىق- قەت قىلىدىغان ئىشلاردىن قازا روزىنى قانداق تۇتۇش، قايسى كۈنلەردە تۇتۇش مەسىلىسى، ئەگەر ئۇ كىشىنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن قالدۇرغان قازا روزىسى كۆپ بولسا، قازاسىنى تۇتقان ۋاقتىدا ئۈ- زۈلدۈرمەي ئارقا-ئارقىدىن تۇتسۇن ياكى بىر كۈن ئۆتكۈزۈپ بىر كۈن روزا تۇتسۇن، بۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا بولىدۇ. لېكىن بۇ روزا تۇتقان كۈنلە- رنى ئىككى ھېيت كۈنلىرىگە ياكى قۇربان ھېيت- تىن كېيىنكى تەشرىق كۈنلىرىگە(قۇربان ھېيت- نىڭ 2-، 3-، 4-كۈنلىرىگە) ئۇدۇل كەلتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز بۇ كۈن- لەردە روزا تۇتۇشنى چەكلىگەن.

## روزا تۇتۇشتا رىئايە قىلىنى- دىغان مۇستەھەپ ئىشلار

1. كېچىلىك سوھۇر تامىقنى كېچىكتۈرۈپ ئاخىرقى ۋاقتىدا يېيىش، ناماز بامدات ۋاقتىدىن 20 مىنۇت بۇرۇن ئاياغلاشتۇرۇش كېرەك.

2. كۈن ئولتۇرۇشى بىلەن تەڭ ئىپتار قىلى- شى، بەك كېچىكتۈرۈپ قويماسلىقى كېرەك. پەي- غەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ ئۇممەتلىرىم ئىپتارنى ئالدىراپ (دەسلەپكى ۋاقتىدا)، سوھۇر- لۇقنى كېچىكتۈرۈپ (ئاخىرقى ۋاقتىدا) قىلىدىغانلا بولسا، ئۇلار چوقۇم بىر ياخشى ھالەتتە بولىدۇ".

3. ئىپتار قىلىش ۋاقتىدا ئۈچ دانە خورما ياكى ئۈچ يۇتۇم سۈيۈق ئىچىملىك بىلەن ئىپتار قىلىش كېرەك. ئەگەر بولمىسا، ھۆل مېۋە-چېۋىلەر بىلەن ئىپتار قىلسىمۇ بولىدۇ.

4. روزا تۇتقان كىشى باشقا مەنىسىز ئىش- ھەرىكەتلەرگە، يامان گەپ-سۆزلەرگە ئارىلىشىپ قالماسلىقى، ئىمكانقەدەر «قۇرئان كەرىم»نى كۆپ

تىلاۋەت قىلىشى، مۇمكىن بولسا، بىر قېتىم ئوقۇپ تۈگىتىشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز روزا بەلەن «قۇرئان كەرىم» نىڭ قىيامەت كۈنىدە بەندەلەرگە شاپائەت قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە شاپائىتى قوبۇل بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

5. ئاخشىمى ئىفتار قىلىش ئالدىدا، دۇئا قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام "روزا تۇتقان كىشىنىڭ ئىفتار ۋاقتىدا قىلىدىغان بىر دۇئاسى بولۇپ، بۇ دۇئا رەت قىلىنمايدۇ" دېگەن. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆپىنچە قىلىدىغان دۇئالىرىنىڭ ئىچىدە بۇ دۇئا بار: "ئەللاھۇممەلەكەسۇمتۇ ۋەئەلارىزقىكەئەفتەرتۇ فەغفىرلىماقەددەمتۇ ۋەمائەخخەرتۇ" بۇنىڭ مەنىسى: ئەي ئاللا، مەن سېنىڭ ئۈچۈن روزا تۇتتۇم، سېنىڭ رىزقىڭ بىلەن ئىفتار قىلدىم. سەن مېنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى، بۇندىن كېيىنكى گۇناھلىرىمنى كەچۈرگەيسەن.

6. رامىزان ئېيىنىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە قەدىر كېچىسىنى تېپىشقا ئىنتىلىشى، 21-، 23-، 25-، 27-، 29-كېچىلىرى تۈنەپ، گۇناھلىرىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى ئاللاتائالادىن تىلىشى ھەمدە، مۇمكىن بولسا، بۇ ئاخىرقى ئون كۈننى ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ كۆپلەپ ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئىشلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

(بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى شىنجاڭ ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇدەررىسى. دىنىي تەھرىرى ئابدۇللا داموللا ھاجىم.)

---

(بېشى 13-بەتتە) بولۇپ، ئۇلارنى بىرقەدەر مۇقىم تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىش كېرەك. يەنە بىرمۇنچە مۇسۇلمانلار ئارىلاش ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ياشايدۇ، ئۇلارنىڭ سانى ئاز، ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز، دىنىي جەھەتتىكى تەلىپى كۆپ ئەمەس، ئەمما ئۇلاردىمۇ مەلۇم مىللىي ئاڭ ۋە كۆز قاراشلار بار. گەرچە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئىسلام دىنى بىلىمى كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارنىڭ ئاھانىتىگە ۋە زەربىسىگە چىداپ تۇرالمايدۇ، شۇڭا ئۇلارغىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

بىزنىڭ يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈشىمىزدىكى مەقسىتىمىز كۆپچىلىكتىن ھازىرقى جۇڭگو ئىسلام دىنىدىكى قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى نىشانلىق ئاساستا تەتقىق ۋە مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن يەكۈنلەپ، بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت، بۇ ئەمەلىي مەسىلىلەر كۆپىنچە بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىز بىلەن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت چوڭ مۇھىت بىلەن زىچ باغلىنىشلىق.

يىغىپ ئېيتقاندا، دىن گەرچە بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، ئەنئەنىۋىلىكى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما مەملىكىتىمىزدە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ھەرقايسى دىنلار يەنىلا ناھايىتى چوڭ تەسىرگە ئىگە. دېمەكچىمەنكى، مەملىكىتىمىزدىكى يۈز مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ۋە دىن ئىدىيىسىگە قانداق قاراش، شۇنچىۋالا ئاممىغا قانداق قاراش، ئىسلام دىنىنى قانداق قىلىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش بىلەن باغلاپ ئورتاق راۋاج تېپىش ھەم ئورتاق يۈكسىلىش ھەقىقەتەن ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر ئالدىغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى بىر تېما.

(ئاپتور جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى.)

www.uyghurkitap.com

## 1997-يىللىق رامزان ئېيىدىكى روزا تۇتۇش ۋاقىت جەدۋىلى (ئۈرۈمچى ۋاقتى)

| رامزان | يانۋار | ھەپتەكۈنلىرى | سوھۇرۋاقتى | تاڭسۈزۈلۇش | كۈنچىقىش | پېشىن | دىگەر | ئىفتار-شام | خۇپتەن |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 10 | جۈمە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:43 | 16:57 | 17:36 |
| 2 | 11 | شەنبە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:44 | 16:58 | 17:37 |
| 3 | 12 | يەكشەنبە | 4:46 | 5:38 | 7:44 | 12:20 | 14:45 | 16:59 | 17:38 |
| 4 | 13 | دۈشەنبە | 4:45 | 5:37 | 7:43 | 12:20 | 14:46 | 17:00 | 17:39 |
| 5 | 14 | سەيشەنبە | 4:45 | 5:37 | 7:43 | 12:20 | 14:47 | 17:01 | 17:40 |
| 6 | 15 | چارشەنبە | 4:44 | 5:36 | 7:42 | 12:20 | 14:49 | 17:03 | 17:42 |
| 7 | 16 | پەيشەنبە | 4:44 | 5:36 | 7:42 | 12:20 | 14:50 | 17:04 | 17:43 |
| 8 | 17 | جۈمە | 4:43 | 5:35 | 7:41 | 12:20 | 14:51 | 17:05 | 17:44 |
| 9 | 18 | شەنبە | 4:42 | 5:34 | 7:40 | 12:20 | 14:52 | 17:06 | 17:45 |
| 10 | 19 | يەكشەنبە | 4:42 | 5:34 | 7:40 | 12:20 | 14:54 | 17:08 | 17:47 |
| 11 | 20 | دۈشەنبە | 4:41 | 5:33 | 7:39 | 12:20 | 14:55 | 17:09 | 17:48 |
| 12 | 21 | سەيشەنبە | 4:40 | 5:32 | 7:38 | 12:20 | 14:56 | 17:10 | 17:49 |
| 13 | 22 | چارشەنبە | 4:40 | 5:32 | 7:38 | 12:20 | 14:58 | 17:12 | 17:51 |
| 14 | 23 | پەيشەنبە | 4:39 | 5:31 | 7:37 | 12:20 | 14:59 | 17:13 | 17:52 |
| 15 | 24 | جۈمە | 4:38 | 5:30 | 7:36 | 12:20 | 15:00 | 17:14 | 17:53 |
| 16 | 25 | شەنبە | 4:37 | 5:29 | 7:35 | 12:20 | 15:01 | 17:16 | 17:55 |
| 17 | 26 | يەكشەنبە | 4:35 | 5:28 | 7:34 | 12:20 | 15:02 | 17:17 | 17:56 |
| 18 | 27 | دۈشەنبە | 4:35 | 5:27 | 7:33 | 12:20 | 15:03 | 17:18 | 17:57 |
| 19 | 28 | سەيشەنبە | 4:34 | 5:26 | 7:32 | 12:20 | 15:05 | 17:20 | 17:59 |
| 20 | 29 | چارشەنبە | 4:33 | 5:25 | 7:31 | 12:20 | 15:05 | 17:21 | 18:00 |
| 21 | 30 | پەيشەنبە | 4:32 | 5:24 | 7:30 | 12:20 | 15:05 | 17:22 | 18:01 |
| 22 | 31 | جۈمە | 4:31 | 5:23 | 7:29 | 12:20 | 15:08 | 17:24 | 18:03 |
| 23 | فېۋرال | شەنبە | 4:30 | 5:22 | 7:28 | 12:20 | 15:09 | 17:25 | 18:04 |
| 24 | 2 | يەكشەنبە | 4:29 | 5:24 | 7:27 | 12:20 | 15:10 | 17:26 | 18:05 |
| 25 | 3 | دۈشەنبە | 4:28 | 5:20 | 7:26 | 12:20 | 15:11 | 17:28 | 18:07 |
| 26 | 4 | سەيشەنبە | 4:25 | 5:19 | 7:24 | 12:20 | 15:13 | 17:29 | 18:08 قەدىر كېچىسى |
| 27 | 5 | چەرشەنبە | 4:25 | 5:18 | 7:23 | 12:20 | 15:14 | 17:31 | 18:09 |
| 28 | 6 | پەيشەنبە | 4:24 | 5:15 | 7:22 | 12:20 | 15:15 | 17:32 | 18:11 |
| 29 | 7 | جۈمە | 4:23 | 5:15 | 7:21 | 12:20 | 15:15 | 17:33 | 18:12 |
| 30 | 8 | شەنبە | 4:22 | 5:14 | 7:19 | 12:20 | 15:15 | 17:35 | 18:14 |

### ئۈرۈمچى شەھىرى بىلەن ۋاقىت جەھەتتىن پەرقلىنىپ، سوھۇر ۋاقتى ۋە ئىفتار ۋاقتى بۇرۇن-كېيىن كېلىدىغان شەھەرلەر

| ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت بۇرۇن | ئۈرۈمچى شەھىرىدىن | مىنۇت كېيىن |
|---|---|---|---|
| 1. ئالتاي شەھىرى | 19 | 1. خوتەن شەھىرى | 49 |
| 2. قومۇل شەھىرى | 5 | 2. قەشقەر شەھىرى | 58 |
| 3. تۇرپان شەھىرى | 5 | 3. ئاتۇش شەھىرى | 57 |
| | | 4. ئاقسۇ شەھىرى | 35 |
| | | 5. غۇلجا شەھىرى | 28 |
| | | 5. كورلا شەھىرى | 10 |
| | | 7. سانجى شەھىرى | 5 |
| | | 8. شىخەنزى شەھىرى | 3 |

# مۇسۇلمانلار قانداق قىلغاندا "تەقۋادار" بولالايدۇ؟

لى شۇۋېي

«قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ" (7-سۈرە، 128-ئايەت).

"ياخشى ئاقىۋەت" دېگەنلىك كىشلەرنىڭ ياخشى ئارزۇسىنىڭ كۈتكىنىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلىشى دېگەنلىكتۇر. بىز مۇسۇلمانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىن ئىبارەت ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەت تېپىش ئارزۇيىمىزنى ۋە كۈتكەندەك نەتىجىگە ئېرىدەلىشىمىزنى "ياخشى ئاقىۋەت" دەپ ئاتايمىز.

ئۇنداقتا بىز قانداق قىلغاندا ئويلىغان ئىشىمىزنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۈتكەندەك نەتىجىگە ئېرىشىش دەرىجىسىگە يېتەلەيمىز؟ خۇددى يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ئايەتتە ئېيتىلغىنىدەك: "ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپ". "تەقۋادار" دېگەن سۆز ئاللاتائالاغا تەقۋادار بولغۇچىلارنى كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، ئاللاتائالا ياخشى ئارزۇنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى پەقەت تەقۋادار بولغۇچىلارغىلا ئاتا قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاتائالانىڭ جازاسىدىن قورقىدۇ، ئاللاتائالانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھەر خىل ئەمەل ۋە تۇرمۇشتا تەقۋادار پوزىتسىيە تۇتۇپ، ناھايىتى ئەستايىدىل بولىدۇ. ئۇلار ئاللاتائالانى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تونۇيدۇ. ئاللاتائالانىڭ ئەمرلىرىگە ھۆرمەت بىلەن ئەمەل قىلىدۇ، ئاللاتائالا چەكلىگەنلىكى نەرسىلەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ، سۆز-ھەرىكەتتە ناھايىتى ئېھتىيات قىلىدۇ. ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە مۇخالىپلىق قىلىپ قويۇشتىن تەشۋىشلىنىدۇ، مانا بۇلار تەقۋادار بولغۇچىلار يەنى ھەرقانداق ئىشقا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەردۇر.

بىر مۇسۇلماننىڭ قانداق ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مۇددىئاسىغا قاراش كېرەك. ئەگەر سەن ئاللا يولىدا دەپ نىيەت قىلىپ تىرىشانچانلىق كۆرسەتكەن بولساڭ، سەن تەقۋادار قاتارىدا بولالىسەن-دە، كۈتكىنىڭدەك نەتىجىگە ئېرىشەلەيسەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "ھەممە ئىش نىيەتكە باغلىق بولىدۇ" دېگەندى. قىسقىسى، ئەگەر سەن مەقسىتىڭگە يېتىمەن دەيدىكەنسەن يالغۇز ھوقۇقىڭغا، پۇرسەتپەرەسلىك ۋە خۇشامەتچىلىك بىلەن نەپكە ئېرىشىش ھۈنرىڭگە تايانساڭ بولمايدۇ، پەقەت تەقۋادارلار قاتارىغا قېتىلغان ۋاقتىڭدىلا ئۆزۈڭنىڭ ياخشى ئارزۇيۇڭغا يېتەلەيسەن. ئاللاتائالانىڭ ساۋابىنى ئالاي دېسەڭ ئالدى بىلەن لاياقەتلىك بىر مۇسۇلمان بول، ئاندىن تەقۋادارلار قاتارىغا كىر.

ئۇنداق بولسا، بىز قانداق قىلغاندا لاياقەتلىك بىر تەقۋادار بولالايمىز؟ «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "ئۇلار (يەنى تەقۋادارلار) سەۋرى قىلغۇچىلاردۇر، راستچىللاردۇر، (ئاللاغا) ئىتائەت قىلغۇچىلاردۇر، (ياخشىلىق يوللىرىغا پۇل-ماللىرىنى) سەرپ قىلغۇچىلاردۇر ۋە سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچىلاردۇر" (3-سۈرە، 17-ئايەت). ئاللاتائالا بۇ ئايەتتە تەقۋادارلىققا يېتىشنىڭ مۇساپىسىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. ناۋادا بىز مۇشۇ بەش تۈرلۈك خۇسۇسىيەتكە لايىق بولساقلا، تەقۋادار قاتارىغا كىرەلەيمىز، ئاللاتائالانىڭ

www.uyghurkitap.com

رازىلىقىنى ئالالايمىز ۋە ئۆزىمىزنى ئاخىرقى مۇۋاپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرەلەيمىز.

بىرىنچى خۇسۇسىيەت "سەۋر قىلغۇچى" بولۇش. بۇ يەردە بىزنى بىر سەۋر قىلغۇچى بولۇشقا ئۈندىگەن. جۇڭگودا "سەۋر قىلساڭ ئەمىن تاپىسەن" دېگەن بىر تەمسىل بار. دېمەكچىكى، قانداقلا بىر ئىشقا يولۇقمىغىن، سەۋر قىلىشىڭ كېرەك. ياخشى ئىشقا يولۇققاندا، بەھۇزۇر تۇرۇپ "ئەلھەمدۇلىللا" دېيىشىڭ كېرەك، ئۆزۈڭگە پايدىسىز ئىشقا يولۇققاندىمۇ بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپ ئاللاتائالاغا ئىتائەت قىلىشىڭ كېرەك، بۇ يەردىكى بەھۇزۇر تۇرۇشمۇ ۋە بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇشمۇ ئوخشاشلا بىر خىل سەۋر قىلىشتۇر. ئۆزۈڭ يولۇققان ئىشقا سەۋر قىلىپ، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىدىغان بولساڭ، ئۇ ئىش ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تەرەققىي قىلىۋېرىدۇ. نۇرغۇن ئىشلار ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغاچقا، بىز ئاللاتائالاغا تايىنىدىغانلا بولساق، ئاللاتائالا بىزگە سەۋر قىلغىنىمىزنىڭ شاپائىتىنى ئىلتىپات قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ سەۋر-تاقىتى ئىتائەت قىلىشتىن كېلىدۇ، ئىتائەت قىلىشنىڭ ئۆزى ئاللاتائالاغا بويسۇنۇش جەھەتتىكى بىر خىل سەۋر-تاقەتتۇر. ئەمەلىي تۇرمۇشتا مەيلى قانداق بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك، ئازابلىق ئىشلارغا دۇچ كېلەيلى، ئۆزىمىزنىڭ بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزنى ئېسىمىزدە ھەر ۋاقىت چىڭ ساقلىشىمىز لازىم. مۇسۇلمانلار ياخشى-يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاللاتائالانىڭ تەقدىرىدىن بولىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭغا مۇخالىپ تۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. شۇڭا ئاللاتائالاغا بويسۇنۇش جەھەتتە سەۋر-تاقەتلىك بولۇش كېرەك.

گۇناھ ئۈستىدىمۇ سەۋر-تاقەتچان بولۇش كېرەك. مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ھەرقانداق بىر ئادەمدە مەلۇم نەپسى خاھىش بولىدۇ. نەپسى خاھىش گۇناھ ئۆتكۈزۈشنىڭ ئامىلى. گۇناھ ئۈستىدە سەۋر-تاقەتچان بولۇش دېگەندە، ئاللاتائالادىن ئۆزلۈكسىز تەۋبە-ئىستىغپار قىلىپ تۇرۇشىمىز، ئاللاتائالادىن مەغپىرەت تىلىشىمىز، ئاللاتائالادىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز، ئۆزىمىزنى ھەر دائىم دەڭسەپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، سەۋر-تاقەتتىن سۆز ئاچالمايمىز. چۈنكى ئىماننىڭ تۆپ شەرتى ئاللاتائالانىڭ ئىلتىپاتىغا تەلمۈرۈش، ئاللاتائالانىڭ جازاسىدىن قورقۇشتۇر. ھەرقانچە چوڭ گۇناھ قىلساقمۇ ئاللاتائالاغا تەۋبە قىلىشىمىز كېرەك. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ ھەقتە تەۋسىيە قىلغان، ئۇ مۇنداق دېگەن: "ئاللا بەندىسىنىڭ قىلغان تەۋبىسىدىن بىركىم جاڭگالدا يىتتۈرۈۋەتكەن تۆگىسىنى تېپىۋېلىپ خوش بولغاندىنمۇ ئارتۇق خۇشال بولىدۇ". بۇ ھەدىس شەرىپتە تەۋبە قىلىشنىڭ پايدىسى چۈشەندۈرۈلگەن. شۇڭا بىز ئاللاتائالاغا بويسۇنۇش ۋە گۇناھ قىلىش ئىككى جەھەتتە سەۋر-تاقەتچان بولۇشىمىز ۋە ئۆز ۋاقتىدا تەۋبە-ئىستىغپار قىلىپ تۇرۇشىمىز لازىم.

جەمئىيەت ئەزاسى سۈپىتىدىكى ئادەم ھوقۇق، پۇل-مال ۋە ئەقىل-پاراسەت جەھەتتە سەۋر-تاقەتلىك بولۇشى كېرەك. بۇ، ھوقۇقنى ساڭا خەلقنىڭ ئاتا قىلغانلىقىنى ئېنىق بىلگىن، ئۇنى خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ئىشلەتكىن، قولۇڭدىكى ھوقۇقتىن كەلسە-كەلمەس پايدىلانما دېگەنلىكتۇر. بۇ نۇقتىنى ئېنىق بىلسەڭ ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش كۆرسەڭ، ھوقۇق جەھەتتە سەۋر-تاقەت قىلغان بولىسەن، خەلق ساڭا تېخىمۇ زور شاپائەت بېرىدۇ، ئاللاتائالامۇ ھەسسىلەپ شەپقەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەگەر سەن ھوقۇقىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىڭگە چوغ تارتساڭ، پارىخورلۇق قىلساڭ، خەلق ئۈچۈن ئىشلىمىسەڭ، خەلق سېنى كەچۈرمەيدۇ، ئەخلاق-پەزىلەتمۇ ساڭا يول قويمايدۇ، شۇنداقلا، ئاللاتائالامۇ ساڭا مەغپە-

رەت قىلمايدۇ. ئۇ ھالدا سەن ھوقۇق جەھەتتە سەۋر-تاقەت قىلالمىغان بولىسەن-دە، تەقۋادارلار قاتارىغا كىرەلمەيسەن.

پۇل-مال جەھەتتە سەۋر-تاقەت قىلىش دېگىنىمىز، ئاللاتائالا ساڭا ئاتا قىلغان پۇل-مالنى توغرا يولغا، يەنى ئاللا يولىغا، مەسلەن، ئاتا-ئانىغا ۋاپادارلىق قىلىش، مانارىپقا ياردەم قىلىش، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇش قاتارلىقلارغا سەرپ قىلىشىڭ كېرەك. دېگەنلىكتۇر. بۇنىڭ ئەكسىچە، سەن ئەگەر ئۇنى خاتا ئىشلىتىپ قويساڭ، پۇل-مال جەھەتتە سەۋر-تاقەت قىلالمىغان، يەنى پۇل-مېلىڭنى ياخشى ئىگىلىيەلمىگەن بولىسەن.

ئەقىل-پاراسەت جەھەتتە سەۋر-تاقەتلىك بولۇش دېگىنىمىز، ئۆزۈڭنىڭ ئەقىل-پاراستىنى توغرا يولغا ئىشلەت، ئەقىل-پاراستىڭنى دۆلەت قۇرۇلۇشى، دىنىنىڭ تەرەققىياتى، كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ تەربىيىلىنىشى قاتارلىق جەھەتلەردە جارى قىلدۇر دېگەنلىكتۇر. ئۇنداق قىلمىساڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئەقىل-پاراستىنى ئىسراپ قىلغان يەنى ئەقىل-پاراسەت جەھەتتە سەۋر-تاقەتلىك بولالمىغان بولىسەن.

ئىككىنچى خۇسۇسىيەت "راستچىل" بولۇش. بۇ يەردە بىزدىن توغرا، سادىق ئادەم بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. سەممىي، ساداقەتمەن بولۇش تەقۋادارلارنىڭ بىر بەلگىسى. بۇ بىزدىن دۇنيادا ھايات كەچۈرۈشتە، ھەربىر سۆزنى قىلغاندا، ھەربىر ئىشنى بېجىرگەندە ئۆزىمىزنىڭ سۆز-ھەرەكىتىمىزگە مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، يەنى بىزنى كىشىلەرنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەشكە، يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسۇشقا، دىنغا، جەمئىيەتكە، خەلققە ئەھمىيەتلىك سۆزلەرنى كۆپرەك قىلىشقا، دوستلارغا، ئىشداشلارغا سەممىي سۆز قىلىشقا، دىلىمىز بىلەن تىلىمىزنىڭ بىردەكلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا، ۋىجدانسىزلىق، يالغانچىلىق قىلماسلىققا، باشقىلارغا زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئالىدىغان ئىشلارنى تېخىمۇ قىلماسلىققا ئۈگىتىدۇ. ناۋادا بىز يۇقىرىقى جەھەتلەردە سەممىي، راستچىل بولالىساق، جەمئىيەت مۇقىم، دىن روناق تاپقان، دوستلار ھەممەپەس بولىدىغان بىر ھالەت شەكىللىنىدۇ-دە، ئۇ ھالدا بىز خەلقنىڭ نەمۇنىسى ، مۆمىنلەرنىڭ ئۈلگىسى بولۇپلا قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە ئاللاتائالا مەدھىيىلىگەن ئىككىنچى خىل كىشىلەر—راستچىللار، ساداقەتمەنلەر قاتارىغا كىرىمىز. شۇڭا "راستچىللىق" تەقۋادارلارنىڭ ئىككىنچى خۇسۇسىيىتىدۇر.

ئۈچىنچى خۇسۇسىيەت "ئىتائەت قىلغۇچى" بولۇش. "ئىتائەت قىلىش" دېگەن سۆز ئاللاتائالانىڭ ئەمرىگە، مەسلەن، ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش، كەلىمەتەييىبەنى ئوقۇش، بەيتۇللانى تاۋاپ قىلىش (ھەج تاۋاپ قىلىش) ، زاكات بېرىش، ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش قاتارلىقلارغا ئەمەل قىلىش، ئاللاتائالا ھارام قىلغان ئىشلاردىن، مەسلەن، ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتقا چوقۇنۇش، پال سېلىش قاتارلىق جەمئىيەتكە، دۆلەتكە ۋە دىنغا زىيىنىلا بار، پايدىسى يوق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن يىراق بول دېگەنلىكتۇر. بۇ ئەمەللەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قەتئىي ئىمان بولۇش كېرەك، ئۇنداق بولمىسا بۇ ئەمەللەرنى ئادا قىلغىلى بولمايدۇ. قەتئىي ئىمانغا ئىگە ۋە ئاللاتائالانى ئۆزىگە ھامىي قىلغان بىر ئادەم ئۆز ھاياتىدىكى ھەربىر سۆز-ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاتائالانىڭ جازالىشىدىن قورقۇشنى، ئاللاتائالانىڭ شەپقىتىگە ئېرىشىشنى ھامان بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. بۇ ئارقىلىق قانۇنغا خىلاپ كېلىدىغان، دىنغا خىلاپ كېلىدىغان، ئىجتىمائىي ئەخلاقنى بۇزىدىغان ئىشلارنى قىلمايدىغان بولىدۇ. مۇبادا ھەممە ئادەم شۇنداق بولسا دۇنيا تىنچ بولماي قالمايدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇرۇش ۋە ئۈچمەنلىكمۇ بولمايدۇ. مانا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇ ھەقىقىي بىر ئىمانلىق ئادەم جەمئىيەتكە، خەلققە بەخش قىلىدىغان گۈزەل مەنزىرە.

تۆتىنچى خۇسۇسىيەت "سەرپ قىلغۇچى" بولۇش. "سەرپ قىلغۇچى" بول دېگەن سۆز ئاللاتائالا ساڭا ئاتا قىلغان بىلىم، پۇل-مال، تىل (زۇۋان)، كۈچ-قۇۋۋەت، دىل (قەلب) قاتارلىق ئىقتىدارلارنى ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىشلەتكىن دېگەنلىكتۇر.

بىلىمنى ئىشلىتىش دېگەنلىك، دىن يولىدا ئىلگىرىكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش، دىنىي ئەقىدىلەرنى شەرھلەپ بېرىش، كىتاب، ھەدىسلەرنى تەتقىق قىلىپ ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرىنى ئەسەر قىلىپ يېزىپ چىقىپ، مۆمىنلەرنى مەنپەئەتلەندۈرۈش، ئۇنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇش، دېگەنلىكتۇر.

پۇل-مالنى ئىشلىتىش دېگەنلىك، ئاچارچىلىقتا قالغانلارنى يېمەكلىك بىلەن قۇتقۇزۇش، سوغۇقتا قالغانلارنى كىيىم-كېچەك بىلەن قۇتقۇزۇش، نامراتلارنى پۇل-مال بىلەن قۇتقۇزۇش، تالادا قالغانلارغا ئۆي-جاي بېرىش، دېگەنلىكتۇر. پۇل-مالغا مۇئامىلە قىلىشتا، ناۋادا سەن سەدىقە شەرئىتىدە ئېيتىلغىنى بويىچە ئىش كۆرسەڭ، تېخىمۇ زور ۋە ھەسسىلەپ ساۋاب ئالىسەن. «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئاللانىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى سەرپ قىلغانلارنىڭ (سەرپ قىلغان نەرسىسى يەرگە تېرىلىپ) يەتتە باشاق چىقارغان، ھەر باشقىدا 100 دان تۆتقان بىر دانغا ئوخشايدۇ. ئاللا خالىغان بەندىسىگە ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىدۇ. ئاللانىڭ مەرھەمىتى (چەكلىك ئەمەس) كەڭدۇر (ئاللا مال سەرپ قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى بىلگۈچىدۇر" (2-سۈرە، 162-ئايەت). مانا بۇ سەرپ قىلغۇچىلار ئېرىشىدىغان ساۋابدۇر. ناۋادا سەن ئاللاتائالا ساڭا قىلغان ئىلتىپاتىنى (پۇل-مالنى) خاتا يەرگە ئىشلىتىپ قويساڭ، ئۇ چاغدىمۇ تېگىشلىك تارتقۇلۇقنى كۆرىسەن. مىسالەن، يۇقىرى سىنىڭ قولۇڭغا بىر بۆلۈك مەخسۇس ئىشلىتىدىغان خىراجەتنى بەرگەندە، بۇ مەخسۇس خىراجەتنى ئۇنى ئىشلىتىدىغان مەخسۇس ئورۇنغا سەرپ قىلساڭ، ئۇنىڭغا قوشۇپ يەنە بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلساڭ، سەن جەزمەن مۇكاپاتلىنىسەن. ناۋادا سەن بۇ خىراجەتنى شەخسىي ئىشىڭغا ئىشلىتىۋالساڭ مۇكاپاتلىنامسەن؟ ئاللاتائالا پۇل-مالنى بىزگە ئاتا قىلغان، بۇ پۇل-مالنى ئاللاتائالا مېنىڭ ئورنۇمدا ئىشلىتىڭلار دەپ بەرگەنلىكىنى تونۇشىمىز كېرەك. «خۇتبىلەر توپلىمى» دا مۇنداق دېيىلگەن: "نامراتلار مېنىڭ قېرىندىشىم، بايلار مېنىڭ ۋەكىلىم، ۋەكىلىم قېرىندىشىمغا يامانلىق قىلسا، ئۇ تېگىشلىك جاجىسىنى يەيدۇ." شۇڭا پۇل-مالنى ياخشى ئىشلىتىشىمىز لازىم.

تىلنى ئىشلىتىش دېگەنلىك، كىشىلەر ئېغىر كۆلپەتكە دۇچار بولغاندا، ئۇلارنى تىل ئارقىلىق ئەمىن تاپقۇزۇش، ئۇلار ئازغۇنلۇققا كىرىپ قالغاندا، ئۇلارنى تىل ئارقىلىق ئاگاھلاندۇرۇش، ئۇلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىش، يامان ئىشلارنى قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى نۇرلۇق، توغرا يولغا مېڭىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت. مانا بۇ ئىسلام دىنىدىكى تىلنىڭ ئىقتىدارى ۋە رولى، بۇنداق بولمىغاندا، ئۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

كۈچ-قۇۋۋەتنى ئىشلىتىش دېگەنلىك، مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن جاپا چېكىش، دىن ئەقىدىلىرىنى سۆزلەش يولىدا ئۇزلۇكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، كۆۋرۈك، يوللارنى ياساش ۋە رېمونت قىلىش، قۇدۇق كولاش، يەرلىك كولاپ مېيىت دەپنە قىلىش قاتارلىقلارنى قىلىش، دېگەنلىكتۇر. مانا بۇ كۈچ-قۇۋۋەتنى ئىشقا سېلىش بولۇپ، ھەركىم ئۆز ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىشى كېرەك.

دىل جەمى ياخشىلىقلارنىڭ يىلتىزى، ئارزۇ-تىلەك زېمىنى. كىمكى، مەن ئۇنىڭ يولىنى ئۇقىدىغان ۋە ئاللاتائالا ئەمرلىرىنى بىلىدىغان بىر ئادەم بولىمەن دەيدىكەن، دىلىنى توغرىلاپ ئۆزىنى تاۋلىشى كېرەك. نامرات مۆمىنلەر باشقىلارنى ماددىي جەھەتتىن قۇتقۇزالمايدۇ، لېكىن ئۇلاردا باشقىلارغا ياردەم بېرىش نىيىتى (دىلى) لا بولىدىكەن ئۇلار ساۋابلىق دەرىجىسىگە يەتكەن بولىدۇ.

بەشىنچى خۇسۇسىيەت "سەھەرلەردە ئىستىغپار ئېيتقۇچى" بولۇش. سەھەر دېگەنلىك بامدات ۋاقتى دېگەنلىكتۇر. نېمە ئۈچۈن سەھەردە ئىستىغپار ئېيتىش ياخشى ھېسابلىنىدۇ؟ بامدات ئۆتەش ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن باشلانغان. ئۇ جەننەتتە مەنئى قىلىنغانغا خىلاپلىق قىلىپ بۇ ئالەمگە چۈشۈرۈۋېتىلگەندە، رەپىقىسى بىلەن بىر يەردە بولالماي، ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشالماي، ئۇزاق يىللارنى زۇلمەت ئىچىدە ئۆتكۈزگەن، كۈن بويى ھەسرەت ئىچىدە ياش تۆكۈپ، ئۆز گۇناھىغا تەۋبە-ئىستىغپار ئېيتقان، ئاخىر ئاللاتائالانىڭ مەغپىرىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، ئەر-خوتۇن ئىككىسى قايتىدىن تېپىشىپ، ئەرەفات تېغىدا ئىككىنچىلەپ بىر يەردە بولغان، شەرقتىن ئەمدىلا شەپەق كۆتۈرۈلگەندە، ئادەم ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، بىرىنچىدىن ئاللاتائالانىڭ ئۇنى زۇلمەتتىن خالاس قىلغانلىقىغا شۈكۈر ئېيتقان، ئىككىنچىدىن ئاللاتائالانىڭ ئۇنىڭغا قايتىدىن يورۇقلۇق ئاتا قىلغانلىقىغا شۈكۈر ئېيتقان. ئاللاتائالا بۇ ئىككى رەكئەت نامازدىن رازى بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەر-ئايال ئۈممەتلىرىنى مۇشۇ ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇشقا بۇيرۇغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بامدات ۋاقتىدا ئېيتىلغان تەۋبە-ئىستىغپار ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىمىز تەقۋادارلار قاتارىغا كىرىشتىكى بەش تۈرلۈك مۇھىم خۇسۇسىيەت. كىمكى، ئايەتتە تاپىلانغىنى بويىچە ئىش كۆرسە، ئۇ ئاللاتائالاغا تەقۋادار ئادەم بولىدۇ، ئاللاتائالاغا تەقۋادار بولغان ئادەم ياخشى ئارزۇسىغا يېتەلەيدۇ.

ئاخىردا مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاتائالا كىتابىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەدىس شەرىپ تەلىماتلىرى ئاساسىدا بىر-بىرىدىن ئۆگىنىپ، بىر-بىرىگە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ، تەقۋادارلار قاتارىغا بىرلىكتە قېتىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادەتكە قاراپ ئىلگىرىلىشىنى تىلەيمەن.

---

(بېشى 47-بەتتە) تەرەققىياتى توغرۇلۇق كەڭ-كۇشادە سۆھبەتلەشتىم: ئۇنىڭمۇ بۇ ھەقتە ئويلىغانلىرى بار ئىكەن، ئۇ مۇنداق دېدى: "مېنىڭچە ئىسلام دىنىنى توغرا چۈشەنسەك، ئۇنى توغرا يولدا ئېلىپ بارساق يەنى، ئىسلام دىنى بىلەن ئىلىم-پەننى ھەرگىز قارىمۇقارشى قىلىپ قويمىساق، بىرىنى دەپ يەنە بىرىنى چەتكە قاقمىساق، بىرىنى دەپ يەنە بىرسىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىدىغان ئىشنى قىلمىساق ناھايىتى ئوبدان بولىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئېڭى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى مائارىپتا، دىنىي مائارىپمۇ شۇنىڭغا كىرسە بۇ تېخىمۇ ئىستىقباللىق ئىش بولىدۇ. ياپونىيىلىكلەرمۇ مائارىپ بىلەن يۈكسەلگەن، ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئېتىقادى، تەرەققىيات نىشانى بار، بىزنىڭمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ ئىمانىمىز ئىلىم-پەنگە، كەلگۈسى تەرەققىياتقا بولغان ئىخلاسىمىز، ئىشەنچىمىز بىلەن بىرلەشسە، ئاندىن بىز ئانا يۇرتىمىزدا روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىن كۆكس-قارنىمىز توق، بەختلىك ياشىيالايمىز."

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com

# "شەيخۇل ئەزھەر" دېگەن ۋەزىپە ئۈنۋانى ۋە يېڭىدىن تەيىنلەنگەن شەيخ

ئابدۇماناپ

"شەيخۇل ئەزھەر" (ئەزھەر شەيخى) ئەزھەر جامەسى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە ئەزھەر ئىسلام تەتقىقات ئىنستىتۇتىدىن ئىبارەت ئۈچ ئورۇن ئالىي ھەيئىتىنىڭ دىنىي داھىيسىنىڭ ئالىي ۋەزىپە ئۈنۋانى بولۇپ، مۇئاۋىن زۇڭلى دەرىجىلىك. بۇ ۋەزىپىنى ئادەتتە دۆلەت باشلىقى تەيىنلەيدۇ ۋە ئىززەت-ئابرويلۇق، چوڭقۇر بىلىملىك، باشقىلارنىڭ نەمۇنىسى ھېسابلىنىدىغان فەقىھلەر ياكى ئىسلام دىنى داھىيلىرى ئۆتەيدۇ. بۇ ۋەزىپە 13-ئەسىردىن باشلاپ دۆلەت تەرىپىدىن تەيىنلىنىپ كەلگەن.

ھازىرقى مىسىردىكى شەيخۇل ئەزھەر زۇڭتۇڭ تەرىپىدىن بىۋاستە تەيىنلىنىپ، زۇڭتۇڭنىڭ نائىبلىقىنى قىلىدىغان مۇھىم ئەربابقا ئايلىنىپ، ناھايىتى يۇقىرى دىنىي ۋە سىياسىي مەرتىۋىگە ئىگە بولماقتا. مىلادى 17-ئەسىردە ئەزھەردە شەيخلىق تۈزۈمى تەسىس قىلىنغاندىن بېرى، ھازىرغاقەدەر جەمئىي 42 قارار شەيخ ئۆتتى. تۇنجى قارارلىق شەيخۇل ئەزھەر مۇھەممەد ئابدۇللا خىراشى (؟—1690) ئىدى. ھازىرقى 43-قارارلىق شەيخ مەشھۇر ئىسلام ئالىمى، سابىق دۆلەت مۇفتىسى دوكتور مۇھەممەد سەئىد تەنتاۋىدۇر.

دوكتور مۇھەممەد سەئىد تەنتاۋى 1928-يىل 10-ئاينىڭ 28-كۈنى ئىسكەندەرىيە شەھرىگە يېقىن بىر يېزىدا تۇغۇلغان ھەم ئۆز يېزىسىدا ئىپتىدائىي مەكتەپنى تۈگەتكەن ۋە «قۇرئان كەرىم»نى يادلاپ بولغان. 1944-يىلى ئىسكەندەرىيە دىن ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن، بۇ ئىنستىتۇتنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىن ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن ۋە 1957-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. 1966-يىلى 5-ئايدا ئىلمى قۇرئان (قۇرئانشۇناسلىق) بويىچە دوكتورلۇق ئۈنۋانى ئالغان. 1968-يىلى مەزكۇر ئىنستىتۇتنىڭ لېكتورى بولغان، 1976-يىلى مىسىردىكى ئەسيۇت ئۆلكىلىك دىن ئىنستىتۇتىغا مۇدىر بولغان، 1986-يىلى مىسىرنىڭ دۆلەت مۇپتىسى بولغان. 1996-يىل 3-ئاينىڭ 27-كۈنى مۇبارەك زۇڭتۇڭ تەرىپىدىن شەيخۇل ئەزھەرلىككە تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن «ئەل قۇرئان ۋەست» («ۋەست تەفسىرى»)، «قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپتىكى بەنى ئىسرائىللار»، «مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىدىكى جەڭلەر»، «بانكا كەسپى ۋە ئۇنىڭغا دائىر شەرىئەت بەلگىلىمىلىرى» قاتارلىقلار بار.

شەيخ تەنتاۋىنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەلۇمكى، ئۇ ھازىرقى زامان ئىسلام تەپەككۇرى روشەن بىر ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن ئالدىنقى قارارلىق شەيخ جادئەلھەق ئوتتۇرىسىدا بەزى دىنىي مەسىلىلەرگە پەتۋا بېرىش جەھەتتە ئوخشىماسلىقلار بار. مەسىلەن، مەبلەغ ئاكسىيىسى ۋە بانكا ئامانىتىنىڭ ئۆسۈمى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە بۇ ئىككى شەيخنىڭ پىكرى بىر-بىرىگە زىت كېلىدۇ. ئالدىنقى قارارلىق شەيخ بۇنى "ھارام" دەپ قەتئىي ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە "ئومۇمەن ئامانەت قويۇپ ئېرىشكەن بانكا پايدىسى تۇگەل(ئاخىرى 63-بەتتە)

# قارىي ھەببۇللاھنىڭ نىڭشيادا ئىلمى تەجۋىدنى تارقىتىشى

جىن جەنشياڭ

1932-يىلى ئەتىياز پەسلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، قارىي ھەببۇللاھ ئوتتۇرا ئاسىيادىن نىڭشياغا كېلىپ، يىنچۈەندە ۋە يىنچۈەننىڭ شىمالىدىكى رايونلاردا ئىلمى تەجۋىدنى، يەنى «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ۋە فونېتىكىلىق قائىدىلىرى بويىچە قىرائەت قىلىشنى ئۆگىتىپ، نىڭشيا ئۆلكىسىنىڭ يىنچۈەن رايونىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئانچە توغرا بولمىغان ئوقۇش ئۇسۇللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۈزەتتى.

«قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇش ئۇسۇلى ۋە قائىدىلىرى مەخسۇس بىر پەن بولۇپ، ئۇ فونېتىكا قائىدىلىرى، ئۇسۇلى، تەلەپپۇز قىلىش ۋە ئاھاڭ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: "قۇرئاننى تەرتىل بىلەن (يەنى دانە-دانە، ئوچۇق) ئوقۇغىن" (73-سۈرە، 4-ئايەت).

«قۇرئان كەرىم» ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھېجاز رايونىدىكى قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ تىلى بىلەن نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئەرەبىستاندىكى قەبىلىلەرنىڭ تىللىرى تېخى بىرلىككە كەلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، مۇھەممەد پەيغەمبەر «قۇرئان كەرىم»نى ھەرقايسى قەبىلىلەر ئۆزىنىڭ يەرلىك شېۋىسىدە ئوقۇشقا رۇخسەت قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ، تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، «قۇرئان كەرىم»نى قىرائەت قىلىش ئۇسۇلىمۇ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىپ، 50 نەچچە خىلدىن ئاشقان.

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان رەزىيۇللاھۇ ئەنھۇ مەزگىلىدە (644—656-يىللار) ئۇ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىشى، ساختا ئايەتلەرنىڭ تارىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»نى پۇختا بىلىدىغان بىر تۈركۈم سەھابىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بېكىتىپ چىقىشى بىلەن "ئوسمانىي نۇسخا «قۇرئان كەرىم»"نى رەتلەپ چىققان ۋە مۇشۇ ئاساستا قىرائەت قىلىش پرىنسىپلىرى ئورنىتىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، قىرائەت قائىدىلىرى ۋە ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش مەخسۇس بىر ئىلىمگە ئايلانغان. ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدە، ئىبن مۇجاھىد (850 — 935-يىللار) ئاتلىق بىر ئۆلىما «يەتتە خىل قىرائەت ئۇسۇلى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىققان. ئۇ، يەتتە نەپەر ئۇستا قارىينىڭ قىرائەت ئۇسۇلىنى ئۆلچەم قىلىپ، قىرائەت ئۇسۇلىنى قېلىپلاشتۇرغان. توغرا قىرائەت قىلىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن، كېيىن يەنە «قۇرئان كەرىم»دىكى سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا، ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىغا ئالتە خىل بەلگە قويۇپ چىققان.

ئەمما، مىڭ، چىڭ سۇلالىسىدىن بۇيان، خىلمۇخىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىرائەت ئۇسۇلى نىڭشيا مۇسۇلمانلىرى ئىچىگە ھەقىقىي تارقىلالماي قالغانىدى. تاكى شۇ چاغقا قەدەر بەزى جايدىكىلەر «قۇرئان كەرىم»نى بۇرۇنقىدەكلا خاتا پېتىچە قىرائەت قىلىۋاتاتتى، ھەتتا توغرا قىرائەت قىلىش ئۇسۇلى بويىچە قىرائەت قىلىشنى خالىمايۋاتاتتى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىن جۇڭخۇا مىنگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگىچە، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلغۇچىلار بارغانسېرى كۆپىيىپ باردى، ئۇلار نەق مەيدانغا بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋاللارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى قىرائەت ئۇسۇلىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى بايقاپ، نۇرغۇنلىرىدا تۈزىتىۋېلىش ئارزۇسى كۈچىيىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بارىدى.

نىڭشىيا مۇسۇلمانلىرى دەل بىر يېتەكچى ئۇستازغا تەقەززا بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە، 36 ياشلىق قارىي ھەبىبۇللاھ 1932 ـ يىلى ئەتىياز بىلەن ياز پەسلى ئارىلىقىدا نىڭشىياغا كېلىدۇ، ئىمىن ئاتلىق بىر ياشمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كېلىدۇ. ھەبىبۇللاھ يىنچۇەنگە يېتىپ كېلىشى بىلەنلا، يەرلىك مۇسۇلمانلار ئۇنى شەرقىي چوڭ مەسچىتكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ ھەمدە ئەينى ۋاقىتتا مەسچىت ئىچىدە تەسىس قىلىنغان جۇڭگوچە-ئەرەبچە بىلىملەر مەكتىپىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەيىنلەپ. "تەجۋىد" دەرسى بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ. چوڭ مەسچىتنىڭ ئىمامى جاڭ يۈنجىن ھاجى يەنە يىنچۈەن ئەتراپىدىكى مەسچىتلەرنىڭ ئاخۇنلىرىنىمۇ بۇ يەرگە كېلىپ ئۆگىنىشكە يىغدۇ.

يىنچۇەننىڭ شەرقىي چوڭ مەسچىتىدىكى "تەجۋىد" ئۆگىنىش سىنىپى ئۆگىنىشنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەبىبۇللاھ تەكلىپكە بىنائەن، شىمالىي يىنچۇەندىكى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ دەرس بېرىدۇ.

ئۇ ۋاقىتتا "تەجۋىد" ئۆگەنگۈچىلەر ناھايىتى قىزغىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆگىنىشكە بىر-ئىككى قېتىم، بەزىلىرى كۆپ قېتىم قاتناشقان. بەزىلىرى بولسا ئۇنىڭدىن ئايرىلماي ئۆگىنىۋەرگەن.

ھەبىبۇللاھ تەجۋىد ئۆگەتكەندىن بۇيانقى نەچچە ئون يىل ئىچىدە، تۈرلۈك دەرىجىدە ئىلمى تەجۋىد بويىچە قىرائەت قىلالايدىغانلار شىمالىي يىنچۈەن رايونىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان. 1940 ـ يىلى ئېچىلغان جۇڭگوچە-ئەرەبچە بىلىملەر مەكتىپى ۋە 1945 ـ يىلى ئېچىلغان يۇنتىنىڭ باشلانغۇچ مەكتىپىدە "تەجۋىد" دەرسى تەسىس قىلىنغان.

تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشلارغا قارىغاندا، قارىي ھەبىبۇللاھ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بۇخارالىق كىشى بولۇپ، سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ، سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، كېيىن جۇڭگو شىنجاڭغا كەلگەن، 1932 ـ يىلى شىنجاڭدىن چىقىپ، چىڭخەي، گەنسۇ ئارقىلىق نىڭشىياغا كېلىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كۆپلىگەن مەسچىت-مەدرىسلەردە تەجۋىد ئۆگەتكەن. 1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شاڭخەي ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا قايتقان.

(بېشى 28 ـ بەتتە) ئاخىرەتتىكى تىنچ ماكانغا تەلپۈنۈشكە ۋە ئىنتىلىشكە مەدەتلەندۈرىدۇ.

قىسقىسى، ئىسلام دىنىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ مەزمۇنى ئىنتايىن كەڭ. ئۇنىڭ ئاساسىي قارىشى ۋە ئىچكى مەزمۇنى مول ۋە چوڭقۇر، ئۇ روشەن ئالاھىدىلىك ۋە چوڭقۇر تەسىرچانلىققا ئىگە، ئىنسانلارنىڭ "ئىككى دۇنيالىق بەخت-سائادەتكە يېتىش"تىكى كۆرەش نىشانى بولۇپ، تېخىمۇ زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە مۇھاكىمە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مۇبادا بىز ئۇنى تولۇق شەرھلەپ، ئۇنىڭ ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرساق، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى نامايان قىلىشقا، جەمئىيەتنىڭ ئامانلىقى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاشقا، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيىتى ۋە يۈكسىلىشىنى ئالغا سۈرۈشكە پايدىلىق بولىدۇ.

# مەملىكىتىمىز خىمىيە ساھەسىدىكى تۇنجى ئۇيغۇر دوكتورئاشتى (پوستدوكتور)، ياش خىمىيە ئالىمى زەپەر ئابلىز

ئەنۋەر مۇھەممەد

ئاللا ئاتا قىلغان ئاڭ ۋە ئەقىل-ئىدراكىنى ئىشلىتىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلىم-پەن ساھەسىدە زەپەر قۇچقان، خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئالىملىرىمىزنىڭ يەنە بىرى زەپەر ئابلىزدۇر.

زەپەر ئابلىز 1961-يىل 4-ئاينىڭ 20-كۈنى ئۈرۈمچى شەھىرىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى ئابلىز نازىرى خەلقىمىزگە تونۇلغان پېشقەدەم شائىر، ژۇرنالىست ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكى ئىقتىدارلىق رەھبەر، ئانىسى ئايىم كېۋىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك 16-باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بۇ پەرزەنتىنىڭ كىچىكىدىنلا ساغلام، ئەقىللىق، ئەخلاقلىق چوڭ بولۇشى ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن، زەپەرمۇ بۇ ئەجىرگە يارىشا ھەر جەھەتتىن ياخشى يېتىلگەن. ئۇ باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ، 1979-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ داشۆنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن، ئۇ ئۆزى بىلەن بىر سىنىپتا ئوقۇيدىغان خەنزۇ ساۋاقداشلىرى بىلەن بەسلىشىپ ئۆگىنىپ، بىرىنچىلىكنى ھەرگىز قولدىن بەرمىگەن. 1983-يىلى 7-ئايدا ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندە نەتىجىسى پەۋقۇلئاددە ياخشى بولغاچقا، شۇ مەكتەپنىڭ ئۆزىگە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ



قېلىنغان. ئۇ 1985-يىلى ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى ياپونىيىگە بىرىنچى تۈركۈمدە ئەۋەتكەن ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ياپونىيە مىڭشىڭ داشۆسى تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى شۆبىۋەنىنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا بىلىم ئاشۇرغان ھەم ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇغان. ئۇ بۇ ئوقۇش جەريانىدا بىلىم ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، بىر تەرەپتىن ياپون تىلى ھەم ئىنگلىز تىلىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇپ ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرگەن ھەم بۇ جەھەتتە تېز ئالغا باسقان، بۇنىڭ نامايەن-

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دىسى شۇكى، ئۇ شۇ مەزگىلدىلا ئالتە پارچە ئىلمىي ماقالە، بەش پارچە يازما دوكلات يېزىپ، ھەر قېتىملىق خىمىيە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوقۇپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن ۋە شۇ نەتىجىلىرى بىلەن ياپونىيە خىمىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى بولغان. ئۇ ئۈچ يىل ئەنە شۇنداق قېتىقىنىپ ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەنلەرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئارقىلىق 1988-يىلى 3-ئايدا خىمىيە ھەم فىزىكا كەسپى بويىچە "تەبىئىي پەنلەر ماگىستىرى" ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

زەپەر ئابلىز 1988-يىلى 4-ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ، ئانا مەكتىپى شىنجاڭ داشۆنىڭ خىمىيە فاكۇلتېتىدا داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، 1989-يىلى 3-ئايدا لېكتور بولغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئىلگىرىكى بىلىملىرى ئاساسىدا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەتقىقات نەتىجىلەرىنى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىپ تۇرغان؛ يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ داشۆنىڭ 1989-يىللىق مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتىغا، 1990-يىلى شىنجاڭ پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتىغا، 1992-يىلى ئۇرۇمچى شەھەرلىك پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر ماقالە (بىرىنچى دەرىجىلىك) مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ يەنە ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىدە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنىڭ ئۈنۈملۈك تەركىبلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان تەجرىبەخانا قۇرۇپ، كۆپ ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق "ئۇيغۇر تىبابەت دورىلىرىنىڭ خىمىيىلىك ئىسسىقلىق خالىتىسى"نى سىناق قىلىپ ياساپ چىققان. يۇقىرىقىدەك نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۇ 1991-يىلى دوتسېنتلىققا ئۆستۈرۈلگەن.

زەپەر ئابلىز 1991-يىلى 4-ئايدا ياپونىيە دۆكباڭ داشۆسى تەبىئىي پەنلەر شۆبىۋەنىنىڭ تەكلىپى بىلەن، ياپونىيىگە يەنە بىر قېتىم بې جاپالىق ئىلىم سەپىرىنى باشلىغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئۇ تويى قىلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان ئايالى ۋە باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بولغان سېغىنچىنى ئۆز يۇرتى ۋە خەلقىغە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقىغا بويسۇندۇرۇپ، ئىلىم-پەن دېڭىزىغا يەنىمۇ چوڭقۇر چۆككەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىشكە، يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە يېتىشكە يۈزلەنگەن. ئۇ دوكتورلۇقتا ئوقۇۋاتقان شۇ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىدا، بىر ياقتىن ئۆسۈملۈك خىمىيەسىگە ئائىت بىلىملىرىنى ئۇيغۇر دورىگەرچىلىكىگە تەتبىقلاپ، ئۇيغۇر تىبابەت دورىلىرىنى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلىم نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلسا، يەنە بىرياقتىن ماسسا سپېكترو ئىلمى ساھەسىدىكى يېڭى بايقاشلىرىنى ۋە پۇراقلىق گىدروكاربون ماددىلىرىدا بولىدىغان، ھىدروگېن باغقا ئوخشايدىغان مولېكۇلا ئىچىدىكى ئاجىز تارتىش كۈچى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئەمەلىي تەجرىبىلەر ئارقىلىق دەلىللەپ چىققان. ئۇنىڭ خەلقئارا ئىلغار سەۋىيىگە يەتكەن بۇ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەلقئارا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، ئاندىن باشقا ئىلمىي ژۇرناللارغا ۋە ماقالىلەر توپلاملىرىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ئۇ ئەنە شۇنداق مول نەتىجىلىرى بىلەن دوكتورلۇق ئوقۇشىنى ئىككى يىلدىلا غەلىبىلىك تاماملاپ، 1993-يىلى 5-ئايدا خىمىيە ھەم فىزىكا كەسپى بويىچە "تەبىئىي پەنلەر دوكتورى" ئۇنۋانىنى ئالغان؛ 1993-يىلى 4-ئايدىن باشلاپ، دۆكباڭ داشۆسى دورىگەرلىك ئىلمىي شۆبىۋەنىدە، تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچى سۈپىتىدە، تەبىئىي مەھسۇلاتلار خىمىيىسىنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى ئىشلىگەن.

زەپەر ئابلىز ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە، جۇڭگودىن بارغان ھەر مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ياپونلۇق دوستلارنىڭ ئارىسىدا كەسىپ ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتتە باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان ھەم "غوللۇق ماھىر" دەپ نام ئالغان. دەرۋەقە، بۇ غوللۇق ئىختىساس ئىگىسى 1993-يىلى "ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى مۇكاپاتى"غا، 1995-يىلى 7-ئايدا جۇڭگو پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ ياش ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ 2-نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنىدا مۇنەۋۋەر ماقالە مۇكاپاتىغا، شۇ يىلى 10-ئايدا "لياڭ شاۋتيەن ياشلار فوندى مۇكاپاتى"غا ئېرىشكەن، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى بىر قىسىم نوپۇزلۇق گېزىتلەردە ئۇنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى، ئىش-ئىزلىرى، تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان. نۆۋەتتە ئۇنىڭ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى نوپۇزلۇق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي ماقالىسى 12 پارچە بولۇپ، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىلمىي يىغىنلارغا 20 قېتىم ماقالە قاتناشتۇرغان، شۇنداقلا، بۇ ماقالىلەردىكى بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى بايقاشلار ۋە يېڭى قاراشلار كۆچلۈك دىققەتكە سازاۋەر بولغان. شۇ ۋەجىدىن ئۇ 1994-يىلى ئامېرىكا پەن-تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ خەلقئارا ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان، 1995-يىلى نيۇ-يورك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلگەن.

زەپەر ئابلىز يەنە قابىل ئىجتىمائىي پائالىيەتچى بولۇپ، 1993-يىلى 5-ئايدا "ياپونىيىدىكى جۇڭگولۇق پەن-تېخنىكا ئىختىساسلىرى ئىتتىپاقى" دېيىلگەن بىر ئىلىم تەشكىلاتى قۇرۇشتا ئاساسلىق رول ئوينىغان ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان؛ 1995-يىلى 3-ئايدا ياپونىيىدە ئېچىلغان "جۇڭگو-ياپونىيە ياش ئالىملىرى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى"غا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ھەم بۇ يىغىنىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە سايلانغان.

زەپەر ئابلىز 1994-يىلى 7-ئايدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، 10-ئايدىن تا ھازىرغىچە جۇڭگو مېدىتسىنا ئاكادېمىيىسى دورا تەتقىقات ئورنىنىڭ تەبىئىي دورا خىمىيىسى بۆلۈمىدە تەبىئىي دورىغا كېرەكلىك ئۆسۈملۈكلەردىكى ئۈنۈملۈك تەركىبلەر ۋە قۇرۇلمىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە خىمىيىلىك بىرىكمىلەرنىڭ ماسسا سپېكترو ئىلمىي تەتقىقاتى بويىچە دوكتور ئاشتى خىزمىتىنى ئىشلىمەكتە. بۇ خىزمەت بۇ يىل 10-ئايدا تاماملىنىدۇ.

مەن ئەمدىلا 35 ياشقا قەدەم قويغان، بۇ يىل 7-ئايدا شىنجاڭ داشۆ خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورلۇقىغا ئۆستۈرۈلگەن بۇ ئىجتىھاتلىق ياش ئالىمنىڭ سەمەرىلىك ھايات سەھىپىسىگە نەزەر تاشلىغىنىمدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەقىقىي ئۇيغۇر ئوغلانىغا ۋە بىر مۇسۇلمان ئەۋلادىغا خاس پارلاقلىقنى ھەم يۈكسەكلىكنى كۆرگەندەك بولدۇم، شۇنداقلا، ئۇنىڭدىن بۇندىن كېيىن يەنە قانداق پىلانلىرىنىڭ بارلىقىنى سورىدىم. ئۇ تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن: "مەن ئىشنى تېخى ئەمدىلا باشلىدىم. مەن ئەمدى خىمىيە ساھەسىدە خەلقئارا تېمىلار ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدىنىش بىلەن بىرگە يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ خىمىيە ساھەسىدىكى ئاجىز ھالقىلىرىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر دورىگەرلىك ئىلمىگە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىمەن، شارائىت ناچار بولسىمۇ ئۇنى يېڭىپ كېتىشكە كۆزۈم يېتىدۇ. كونكرېت خىزمىتىمنى ئېلىپ ئېيتسام، شىنجاڭ داشۆگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، داۋاملىق ئوقۇتقۇچىلىق قىلىمەن، ئىزىمنى باسىدىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەيمەن" دېدى.

زىيارەت ئاخىرلىشش ئالدىدا مەن ئۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئاڭ سەۋىيىسى، ئىسلام ئەقىدىسى ۋە كەلگۈسى(ئاخىرى 41-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# دۇنيا بويىچە مۇسۇلمانلار سانى 1 مىليارد 200 مىليونغا يەتكەن

شىنخۇا ئاگېنتلىقى خەۋىرى: ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتىنىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان بىر دوكلاتىدا، دۇنيا بويىچە مۇسۇلمانلار سانى بىر مىليارد ئىككى يۈز مىليونغا يېتىپ، دۇنيا ئاھالىسىنىڭ تەخمىنەن 22.3 پىرسەنتىنى ئىگەللىدى، دېيىلگەن.

بۇ دوكلاتتا ئېيتىلىشىچە، دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلام مەجلىسى تەشكىلاتىغا ئەزا 52 دۆلەتكە جايلاشقان، بۇ دۆلەتلەر ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىتئەلىرىدە. بۇلاردىن باشقا يەنە 389 مىليون مۇسۇلمان غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدە ياشايدۇ،

بۇ دوكلاتتا مۆلچەرلىنىشىچە، 2000-يىلغا بارغاندا، دۇنيادىكى 6 مىليارد ئاھالە ئىچىدە مۇسۇلمانلار بىر مىليارد 611 مىليوننى ئىگەللەيدىكەن.

[«خەلق گېزىتى» (چەت ئەللەر نۇسخىسى) نىڭ 1994-يىل 27-دېكابىر سانىدىن ئېلىندى.]

---

(بېشى 53-بەتتە) ساقلاپ تۇرماقتا.

ئەگەر سەئۇدى بازىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ەتقىق قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى سەئۇدى بازىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرساق، جۇڭگو بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستانى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئالاقىسىنى كۈچەيتىشىمىزدە، بولۇپمۇ دۆلىتىمىز سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سەئۇدى بازارلىرىدا تېگىشلىك ئورۇننى ئىگەللىشىدە ئۈمىد زور.

(ماقالىنىڭ ئاپتورى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى.)

---

(بېشى 55-بەتتە)

دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق مۇھەممەت قارىي ھاجى مۇئاۋىن رەئىسلىككە كۆپەيتىپ سايلاندى. يىغىن يەنە 12 نەپەر دائىمىي ھەيئەت، 38 نەپەر ھەيئەتنى شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىگە تولۇقلاپ ۋە كۆپەيتىپ سايلاپ چىقتى.

يىغىن ئاخىرىدا 38 نەپەر ”بەشتە ياخشى دىنىي زات“، 23 ”بەشتە ياخشى مەسچىت“ ۋە توقسۇنپەئات رايونىغا ياردەم بەرگەن 24 مەسچىت، 60 نەپەر دىنىي زات ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق مۇكاپاتلاندى ۋە تەقدىرلەندى.

(شاھمەردان)

بۇ ژۇرنالدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنىڭ تەرجىمە-تەھرىرلىكىنى شەمشىدىن ھاجى، غوپۇرجان ھاجى ئابدۇرەھىم، رىشىت ۋاھىدى ۋە قەيسەر قۇربانلار ئىشلىدى .

# سەئۇدى ئەرەبىستانى بازىرىغا بىر نەزەر

ئابدۇرەھىم ئىمىن

كىشىلەر سەئۇدى ئەرەب پادىشاھلىقىنى تىلغا ئالغاندا ئۇنىڭ نېفىت بايلىقىنى دەرھال كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ”نېفىت پادىشاھلىقى“نىڭ مول نېفىت بايلىقى ئۇنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ 70- يىللارنىڭ باشلىرىدا خەلقئارا بازاردىكى نېفىت نەرقىنىڭ ھەسسىلەپ ئۆسۈشى سەئۇدى ئەرەبىستانى خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. بۇرۇنقىدەك چەتئەل مۇسۇلمانلىرى تۆگىلەرگە مىنىپ ياكى پىيادە كېلىپ ھەج-تاۋاپ قىلىدىغان، پادىشاھ جەمەتىنىڭ كۈندىلىك خىراجىتى ھەج بېجىغا ۋە چەت ئەلنىڭ ياردىمىگە تايىنىدىغان، پادىشاھ ھۆكۈمىتى سودىگەرلەردىن پۇل قەرز ئېلىپ ئاندىن ئەسكەر ۋە ساقچىلارغا مائاش تارقىتىدىغان زامانلار ئاللىقاچان ئۆتمۈش بولۇپ قالدى. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئېگىز بىنالار، ئالىي سۈپەتلىك ھەم يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللار ياسالدى؛ توپا-توزانلار ئۆرلەپ تۇرىدىغان رەستىلەر زامانىۋى سودا بازارلىرىغا ئايلاندى؛ شۇ قاتاردا، قىزىل دېڭىز بويىدىكى جىددە پورتى گۈزەل ۋە ھەيۋەتلىك تۈس ئالدى؛ 50-، 60-يىللاردىكى، پىرىستان بولمىغاچقا ئىشچىلار بەلگىچە سۇغا كىرىپ پاراخوتتىكى مالنى مۈرىسىگە ئېلىپ قىرغاققا توشۇيدىغان ئوتتۇرا ئەسىر زامانىغا خاس ئەمگەك ئۇسۇلىنى ھازىر كۆرگىلى بولمايدۇ.

دۆلەت كىرىمىنىڭ ئېشىشى، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، شۇنىڭدەك مەككە مۇكەررەمەگە ھەر يىلى ھەج تاۋاپ قىلىش يۈزىسىدىن كېلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن سەئۇدىنىڭ سودا ئىشلىرى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى.

سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ بازىرىغا ئېھتىياجلىق تاۋارلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چەت ئەللەردىن ئىمپورت قىلىنىدۇ. سەئۇدى ھۆكۈمىتى ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، دۆلەت بازىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مال ئىمپورت قىلىدىغان سودىگەرلەرگە مەخسۇس پېرېۋوت ئاجرىتىپ بېرىدۇ، ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار ئۈچۈن ئۈچ پىرسەنت ئەتراپىدا باج ئالىدۇ. سودىگەرلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە؛ ھەرقايسى دۆلەت شىركەتلىرىنىڭ سەئۇدىدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقۇرۇش ئورۇنلىرى ئۆز شىركىتى ئەۋەتكەن مال ئۈلگىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سەئۇدى سودىگەرلىرىنىڭ بۇ مالنى كۆرۈپ توختام تۈزۈشى ئۈچۈن ئۇقتۇرۇش چىقىرىدۇ. ئىككى تەرەپ مالنىڭ ئۆلچىمى، باھاسى، مالنىڭ كېلىش ۋاقتى توغرۇلۇق توخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تام قىلغاندىن كېيىن ، سودىگەرلەر بانكا
ئارقىلىق پۇل يېرىۋوت قىلىدۇ. مال توخ-
تام بويىچە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، تا-
موژىندىن سودىگەرلەرنىڭ ئۆز مېلىنى تاپ-
شۇرۇۋېلىشى خەۋەر قىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇل
شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ئەمگەك كۈچى
كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش تەنەرقى تۆۋەن دۆ-
لەتلەرنىڭ سەئۇدىغا لازىملىق ماللارنى
ئېكسپورت قىلىشىغا ئىنتايىن ماس كېلى-
دۇ. شۇنداقلا بۇ سەئۇدى سودىگەرلىرىنىمۇ
جەلپ قىلىدىغان تەدبىرلەرنىڭ بىرسى ھې-
سابلىنىدۇ.

سەئۇدى سودىگەرلىرى زاكاز قىلىنغان
تاۋارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كېلىشىگە ئالاھىدە
ئەھمىيەت بېرىدۇ. چۈنكى سەئۇدى بازىرى-
نىڭ ئېھتىياجى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى-
نىڭ ھەج ۋاقتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.
ئەگەر زاكاز قىلىنغان مال ئۆز قەرەلىدە
يەتكۈزۈپ بېرىلمىسە، بالدۇر ياكى كېچى-
كىپ كەلگەن مالنى ئىسكىلاتتا ساقلاش ئۇ-
چۇن سودىگەرلەر نۇرغۇن چىقىمغا ئۇچراي-
دۇ. شۇڭا، ناۋادا زاكاز قوبۇل قىلغان
شىركەت مالنى ۋاقتى قەرەلىدە تاپشۇرمى-
سا، سودىگەرلەر زىيانغا ئۇچرىماسلىق ئۇ-
چۇن ئۇ ماللارنى ئەسلى جايىغا قايتۇرۇۋېتى-
دۇ.

سەئۇدى بازىرىنىڭ مال سېتىش ئوب-
يېكتى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ تىپقا بۆلۈ-
نىدۇ. بىرىنچى تىپى، سەئۇدى پۇقراسى ۋە
ئۇزاق مۇددەت تۇرۇش ئۈچۈن ئىقامەت ئال-
غان ”يېشىل كارتلىق“ مۇھاجىرلار. بۇ
تىپتىكى كىشىلەرنىڭ خېلى كۆپ قىسمى
ناھايىتى باي، سەئۇدىنىڭ نېفت بايلىقىدىن
ئەڭ كۆپ بەھرىمەن بولغۇچىلاردىن بولۇپ،
ئۇلار سەئۇدى جەمئىيىتىدە يۇقىرى قاتلام-
غا مەنسۇپ. ئۇلارنىڭ تاۋارغا بولغان تەلە-
پى، بولۇپمۇ پاراغەتلىك تۇرمۇشقا كېرەك-
لىك ئالىي مەھسۇلاتلارغا بولغان ئېھتىياجى
ئىنتايىن يۇقىرى. ئۇلار تاۋارلارنىڭ ئىمكا-
نىيەتنىڭ بارىچە يېڭى، ھەشەمەتلىك، كۆر-
كەم، پۇختا، نەپىس ئىشلەنگەن بولۇشىنى
ئىستەيدۇ. بۇنداق تاۋار ئۇلارغا ياراپلا قال-
سا، ئۇلار ئۇنىڭ باھاسىنى ئانچە سۈرۈشتۈ-
رۈپ كەتمەيدۇ. تويلۇق بۇيۇملىرىنى سات-
دىغان ماگىزىندىكى ئاق يىپەك توي كىيىمى
پەقەت توي مۇراسىمى كۈنى بىر ئاخشاملا
كىيىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ باھاسى بەش مىڭ
رىيال(12مىڭ يۈەن ئەتراپىدا). كېلىنچەك
بېشىغا ياپىدىغان ئاق يىپەك رومالنىڭ بەش
يۈز رىيال قىممىتىدە بولۇشى سەئۇدىدىكى
ئادەتتىكى ئەھۋال. سەئۇدىدا ئىمپورت قى-
لىنغان باشقا كىيىملەرنىڭ باھاسىمۇ خېلى
يۇقىرى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاياللارنىڭ
كىيىمى. سەئۇدىدا ئۇزاق يىللاردىن بېرى
تۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر بۇرادەرنىڭ ئېيتى-
شىچە، ھەر يىلى ھېيت بايراملاردا ياكى
ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدىكى ئولتۇرۇش-
لاردا ئاياللار ئۆزلىرىنى نامايان قىلىش يۈ-
زىسىدىن كىيىدىغان يېڭى پاسوندىكى بىرقۇر
پىلاتى ئۈچۈنلا ئۈچ-تۆت مىڭ رىيال چىقىم
قىلىدىكەن. بۇ پەقەت كىيىم ئۈچۈنلا قى-
لىنغان خىراجەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن سىرت
يەنە شۇ كىيىمگە مۇناسىپ زىننەت بۇيۇملى-
رىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ. بۇ تىپتىكى
كىشىلەر يۇقىرى سۈپەتلىك تاۋارلارنىڭ خې-
رىدارى.

ئىككىنچى تىپى، ھەرقايسى دۆلەتلەر-
دىن كەلگەن قۇرۇلۇش، ئەمگەك خادىملىرى

ۋە سەئۇدىنىڭ دۆلەت ئورگانلىرىدا ئىشلەي-
دىغان چەت ئەللىك خىزمەتچىلەر. بۇ تىپ-
تىكى كىشىلەر تۇرمۇش سەۋىيىسى جەھەتتە
سەئۇدى جەمئىيىتىنىڭ ئوتتۇرا ھەم تۆۋەن
قاتلىمىغا مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار-
نىڭ مۇقىم كىرىمى ۋە تەخمىنەن ئىككى
مىليوندەك نوپۇسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆزدە
تۇتقاندا، ئۇلار سەل قاراشقا بولمايدىغان با-
زار ئوبيېكتى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاسى-
يا، ئافرىقىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت-
لەردىن كەلگەن بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرا دەرى-
جىلىك تاۋارلارنىڭ خېرىدارى بولۇپ
ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى تىپى، دۇنيادىكى 120 نەچچە
دۆلەت ۋە رايوندىن ھەجگە كەلگەن مۇسۇل-
مانلار. ھەر يىلى ھىجرىيە 12-ئاينىڭ بې-
شىدا ھەرقايسى ئەللەردىن بىر مىليوندىن
ئارتۇق مۇسۇلمانلار سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ
مەككە شەھىرىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كېلى-
دۇ. بۇ مەزگىلدە ئاھالىنىڭ ئازلىقىدىن
ئادەتتە جىمجىتلىققا چۆمىدىغان سودا شەھە-
رى — جىددە پورتى ۋە ئىككى ھەرەم دەپ
ئاتالغان مەككە، مەدىنە شەھىرى ھاجى بول-
غۇچىلارنىڭ كېلىشىگە ئەگىشىپ ئىنتايىن
ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ، سودا-سېتىق ئىشلى-
رى ناھايىتى جانلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا،
سودىگەرلەرنىڭ ھەر يىلى بىر قېتىم كېلى-
دىغان بۇ پەسلىنى ھاياجان بىلەن "مول ھو-
سۇل پەسلى" دەپ ئاتىشى ھەيران قالارلىق
ئەمەس. ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن مۇ-
سۇلمانلارنىڭ ھەج مۇراسىمى باشلىنىشتىن
بۇرۇن (زۇلھەججىنىڭ توققۇزىنچى كۈنىدىن
بۇرۇن) مەككىگە يېتىپ كېلىپ، ھەج مۇ-
راسىمىنى تۈگىتىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتىشى
ئۈچۈن ئىككى ئايچە ۋاقىت كېتىدۇ. بۇ
مەزگىلدە سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ ھەرقايسى
ئورگانلىرى ھەج ئىشلىرىگە مۇناسىۋەتلىك
خىزمەتلەرگە پۈتۈن كۈچى بىلەن يول ئاچى-
دۇ. خېلى كۆپ سودىگەرلەر ئادەتتە دۇكى-
نىنى تاقاپ قويۇپ، چەت ئەللەردە ساياھەت
قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ سودا توخ-
تاملىرىنى تۈزۈش، مال كىرگۈزۈش بىلەن
بولىدۇ، ياكى ئۆيىدە دەم ئېلىپ پۇرسەت
كۈتۈپ ياتىدۇ. ھەج پەسلى يېتىپ كەلگەن-
دىن كېيىن دۇكىنىنى ئېچىپ كېچە-كۈن-
دۈز تىجارەت قىلىدۇ، پۇرسەتنى قولدىن
بەرمەسلىك ئۈچۈن ئەسلىدىكى دۇكىنىدىن
باشقا يەنە يول بويلىرىغا ۋاقىتلىق مال سې-
تىش بوتكىلىرىنى قۇرۇپ، قولىدىكى مال-
لىرىنى ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە سېتىپ تۈگە-
تىشكە تىرىشىدۇ. بۇ دۇكانلارنىڭ ئالدىغا
چىللاپ كېلىنگەن ھاجىلارنىڭ سېتىۋېلىش
مىقدارى شۇنچە ھەيران قالارلىقكى، ھەج
مۇراسىمىدىن ئاۋۋال مالغا لىق تولغان دۇ-
كانلار ھەج پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندا قۇپقۇ-
رۇق بولۇپ قالىدۇ، ياكى پارچە-پۇرات،
يارامسىز ماللارلا قالىدۇ. ھاجىلار ئەرزان،
كۆركەم، ئوتتۇرا-تۆۋەن دەرىجىلىك ماللار-
نىڭ خېرىدارلىرى، ئۇلارنىڭ سەئۇدى باز-
رىدىكى تاۋارلارغا بولغان تەلىپىنى ئاساسىي
جەھەتتىن ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن.
بىرىنچى خىلى، ھەج ۋاقتىدا ھاجىلارنىڭ
ئۆزىگە كېرەكلىك بۇيۇملار. مەسىلە-
ن، يېمەك-ئىچمەكتىن تاشقىرى،
يازلىق كىيىم، ئاياغ كىيىم، دوپپا، يۇڭ
ئەديىال، جايناماز قاتارلىقلار. بۇلار كۆپ
سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى،
تەقۋا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دۆلىتىدىكى ئۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رۇق-تۇغقان، ئاغىنە-بۇرادەرلىرى ئۈچۈن ھەرەمنىڭ تەۋەررۇكى سۈپىتىدە ئالغان سوۋغاتلىرى بولۇپ، بۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەت خېلىلا كۆزگە كۆرۈنەرلىك. ئۇلارنىڭ ئالىدىغان سوۋغاتلىرى ئون نەچچە پۈتلۈق ئاددىي يادنامىدىن تارتىپ، نەچچە مىڭ دوللارلىق ئالىي دەرىجىلىك كىيىم ۋە ئالتۇن-كۈمۈش جابدۇنغا ئوخشاش تاۋارلاردىن ئىبارەت.

ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن سودا ئالاقىسى بار كارخانىچىلىرى سەئۇدى بازىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلار كۆركەم ئەرزان تاۋارلىرى ۋە توختامغا قەتئىي ئەمەل قىلىدىغان ئالاھىدىلىكى بىلەن سەئۇدى سودىگەرلىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگە بولۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەنئەنىۋى بازىرىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈرگەن. ھەر قايسى دۆلەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانى بازىرىنى مونوپول قىلىش ئەھۋالى ئۆزگىچە، ياپونىيىنىڭ ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرى، ھەر خىل ئاپتوموبىل ۋە ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلىرى؛ كورىيىنىڭ ھەر خىل توقۇلما ماللىرى، تەقلىدىي ياسالغان كىچىك تىپتىكى ئېلېكتىر سايمانلىرى، چامادان، سومكىلىرى؛ بېلگىيىنىڭ سۈنئىي گىلەمى، ئىسپانىيىنىڭ ئەدىيلى، سىنگاپورنىڭ ئالتۇن-كۈمۈش ئەسۋابلىرى، شياڭگاڭ رايونىنىڭ مىلىچماللىرى، ئىتالىيىنىڭ ئالتۇن مىدالىئون، مارجانلىرى؛ غەربىي گېرمانىيىنىڭ ئالىي دەرىجىلىك چوڭ-كىچىك ئاپتوموبىللىرى، فرانسىيىنىڭ ئالىي كىيىم-كېچەكلىرى؛ شىمالىي يەمەننىڭ تەبىئىي ياقۇتلىرى، ئەنگلىيىنىڭ يۇڭ رەختلىرى سەئۇدى بازارلىرىدا ئالاھىدە شۆھرەتكە ھەم شۇ ئارقىلىق پۈتۈن دۇنيادا داڭلىق تاۋار سۈپىتىدە تونۇلىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان سانائەت مەھسۇلاتلىرىدىن تاشقىرى، ھاجىلارنىڭ كۈندىلىك يېمەك-ئىچمەكلىرىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەج پەسلىدە تۈرلۈك مېۋىلەردىن ئىشلەنگەن ئىچىملىكلەر، تەييار يېمەكلىكلەر، مېۋە-چېۋە ۋە كۆكتاتلار كۆپ مىقداردا ئىمپورت قىلىنىدۇ. مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ يېڭى قوي گۆشى، تۈركىيە ۋە ئاۋستىرالىيىنىڭ توڭلاتقان كالا، قوي گۆشلىرى، ئېكۋاتور ۋە فىلىپپىننىڭ بانانلىرى، ئامېرىكىنىڭ ئالمىلىرى، مىسىرنىڭ تاۋۇزى، ئىئوردانىيىنىڭ چىلگە قوغۇنى، تۈركىيىنىڭ شاپتۇلى، لىۋاننىڭ گىلاس، ئۆرۈكلىرى، شۇنىڭدەك ھەر خىل كۆكتاتلار تەلتۆكۈس تەمىنلىنىدۇ. بۇ مەھسۇلاتلارنىڭ مەنبەسى ئىشەنچلىك ھەم تولۇق، سۈپىتىمۇ ياخشى ھەم ناھايىتى يېڭى. سەئۇدى تاموژنىسى ۋە كارانتىن قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ئىمپورت قىلىنغان يېمەك-ئىچمەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ يېڭى ھەم سۈپەتلىك بولۇشىغا قويىدىغان تەلىپى ناھايىتى يۇقىرى. ئەگەر كۆكتات ياكى مېۋە-چېۋىلەر يېڭى بولمىسا چېگرىدىن كىرىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دېڭىزغا تۆكۈۋېتىلىدۇ. سەھىيە ئورگانلىرى دۇكانلاردا سېتىلىۋاتقان يېمەكلىكلەرنى قاتتىق تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. ساقلىنىش ۋاقتىدىن ئۆتۈپ كەتكەن يېمەكلىكلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىۋالسا، مالنى دەرھال مۇسادىرە قىلىدۇ، كۆيدۈرىدۇ ھەم دۇكان ئىگىسىگە ئېغىر جەرىمانە قويىدۇ.

جۇڭگو تاۋارلىرى سەئۇدى بازىرىغا
باشقا دۆلەت تاۋارلىرىدىن خېلى كېيىن
كىرگەن. 1980-يىلدىن بۇيان ئىككى دۆ-
لەت ئوتتۇرىسىدىكى سودا مىقدارى 130
مىليون دوللار ئاساسىدا ھەر يىلى مەلۇم
مىقداردا ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن باشقا دۆ-
لەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا سودا مىقدارى ناھا-
يىتى تۆۋەن. ھەج مەزگىلىدە مەككىنىڭ
بازىرىدىكى جۇڭگو ماللىرى سان جەھەتتىن
ئاز بولۇش بىلەن بىرگە تۈر، ئۆلچەم، شە-
كىل جەھەتتىنمۇ ئۇلارنىڭ كەمچىل تەرەپ-
لىرى خېلى گەۋدىلىك. ماگىزىنلاردا پەقەت
جۇڭگودا ئىشلەنگەن كىرسىن ئوچاق، جاي-
ناماز، شاپاق دوپپا، تۈرلۈك ئۇششاق مې-
تال مەھسۇلاتلىرى، قەلەم، ئەرەبچە ئۇزۇن
كۆڭلەك، ”مالىڭ“ ماركىلىق كونسېرۋا،
”تيەنتەن“ ماركىلىق كۆڭلەك قاتارلىق مال-
لارنىلا كۆرگىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە دۆ-
لىتىمىزنىڭ نۇرغۇن يېنىك سانائەت مەھسۇ-
لاتلىرىنىڭ سەئۇدىدا خېلى بازىرى بار. مە-
سىلەن، ھەر دەرىجىلىك كىيىم-كېچەك،
ئاياغ، دوپپا، ئەديىال، تۇرمۇشقا كېرەك-
لىك مىلىچماللار، سۇنئىي تېرە ۋە قاتتىق
قەغەزدىن ياسالغان چامادان، سومكا، قۇرۇ-
لۇشقا كېرەكلىك تۈرلۈك مېتال سايمانلى-
رى، كونلۇك، كىچىك تىپتىكى ئاددىي را-
دىئو، ئېلېكتر سىملىرى، كىچىك چايدان،
توك بىلەن سۇ قاينىتىدىغان ئىستاكان، سۇ
قاينىتىدىغان توك دەستە، تەنتەربىيە ۋە
ساقلىقنى ساقلاش سايمانلىرى قاتارلىق
مەھسۇلاتلارنىڭ سەئۇدى بازىرىدىكى سېتىد-
لىش مىقدارى كۆپ بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ-
مۇ بۇ مەھسۇلاتلارنى تەمىنلەش ئىقتىدارىدا
مەسىلە يوق. يېقىندا جۇڭگونى زىيارەت
قىلغان بىر سەئۇدى سودىگىرى مۇنداق دې-
گەن: ”جۇڭگودا سەئۇدى بازىرىغا ماس كې-
لىدىغان تاۋارلار خېلى كۆپ، سۈپەت جە-
ھەتتىنمۇ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆ-
لەتلەردە ئىشلەنگەن شۇ خىلدىكى مەھسۇلات-
لاردىن قېلىشمايدۇ. لېكىن جۇڭگو مالل-
رىنىڭ باشقا دۆلەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن
رىقابەتلىشىشىدە مۇنداق ئىككى توسالغۇ
بار. بىرىنچى، جۇڭگو ماللىرىنى تەشۋىق
قىلىش، تونۇشتۇرۇپ سېتىش يېتەرسىز.
ئىككىنچى، جۇڭگو تاۋارلىرى ئادەتتە پورت
ئالماشتۇرۇش سودىسى ئارقىلىق ئىمپورت
قىلىنىدۇ، شۇڭا ئەسلى باھاسىغا يەنە باھا
قوشۇلۇش جەريانىدا ئۇ مال بىر قىسىم رىقا-
بەت كۈچىنى يوقىتىدۇ“.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى، خەلقئارا نې-
فىت بازىرىدا سەئۇدىنىڭ ئىقتىسادىي يۆلە-
چۈكى بولغان نېفىتنىڭ نەرقى تۆۋەنلىدى،
ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كۇرسى چۈشۈپ، يا-
پونىيە يېنىنىڭ قىممىتى ئۆرلىدى، شۇنىڭ-
غا ئەگىشىپ سەئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ يىللىق
مالىيە نەقچوتىدىكى قىزىل رەقىمى كۆپەي-
دى. بۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن سەئۇدى بازارلى-
رىدا ئىقتىسادىي جەھەتتىن گۈللەنگەن 70
-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 80-يىللارنىڭ بېشى-
دىكىدەك جانلىنىش ئانچە گەۋدىلىك بولمى-
سىمۇ، لېكىن بىرنەچچە يىلدىن بۇيان سە-
ئۇدى ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىقتىسادىي تۈ-
زۈلمىسىنى داۋاملىق تەڭشەش، ئاساسىي
قۇرۇلۇشنى قىسقارتىش قاتارلىق تەدبىرلەر-
نى قوللىنىشى ۋە ھەرقايسى دۆلەتلەردىن
كېلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ يىلدىن-يىلغا
كۆپىيىشى بىلەن، سەئۇدى بازارلىرى ئۆزى-
نىڭ ئاۋاتلىقىنى يەنىلا (ئاخىرى 48-بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيتى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىئانە قىلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خۇنەن، شىنجاڭ قاتارلىق رايونلاردىكى بىر قىسىم جايلاردا ئېغىر سۇ ئاپىتى بولۇپ، بىرمۇنچە مەسچىتلەر ۋە مۇسۇلمانلار ئائىلىلىرىنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن سەممىي ھال سورايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنداقلا، 8-ئاينىڭ 13-كۈنى مەخسۇس قارار چىقىرىپ، جەمئىيەت نامىدىن جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىغا ۋەكالىتەن بۇ رايونلاردىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان جايلارغا يۈز مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. جەمئىيەتتە تۇرۇشلۇق رەئىس سالىھ ئەن شۇبى ئاخۇن، مۇئاۋىن رەئىسلەر مۇھەممەت ھەنەفى ۋەن ياۋبىڭ، نۇئمان ماشيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، مۇھەممەت سەئىد مايۇنفۇ، شەمشىدىن ھاجىلار ھەم جەمئىيەتتە ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتىدا ئىشلەۋاتقان خادىملارمۇ 30 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. ئىئانە قىلىنغان بۇ 130 مىڭ يۈەن پۇلدىن جۇڭگو قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئارقىلىق شىنجاڭغا 65 مىڭ يۈەن، خۇنەنگە 65 مىڭ يۈەن يوللاپ بېرىلىش بىلەن جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ بىر جاي ئاپەتكە ئۇچرىسا ھەممە جاي تەڭ ياردەم قولىنى سۇنۇشتەك ئەنئەنىۋى پەزىلىتى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ قېرىنداشلارچە ئۆزئارا ياردەم بېرىش ۋە كۆيۈنۈشتەك ئېسىل ئەنئەنىسى نامايان قىلىندى.

(ھاجى مەھمۇدى)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېت 2-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى چاقىرىلدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېت 2-قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى قەشقەر خەلق مېھمانخانىسىدا داغدۇغىلىق چاقىرىلدى.

يىغىنغا ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى بولۇپ 40 نەپەر كىشى قاتناشتى. ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇھەممەت ئەخلەت تەكلىپكە بىنائەن يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇۋەلى داموللا ھاجىم رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىسى مەمەت ئېلى قارىم قۇرئان تىلاۋەت قىلدى. يىغىن ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى سادىق قارىي ھاجىمنىڭ ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا بەرگەن دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ۋە قاراپ چىقتى.

يىغىن ”قوش بەشتە ياخشى“ بولۇش پائالىيىتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەسچىتلەرنىڭ ئۆزىنى ئۆزى بېقىش، دىنىي زاتلارنى ھالال ئەمگەك ئارقىلىق باي بولۇشقا يېتەكلەش، ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنى ياخشى باشقۇرۇش، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە نۇقتىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

يىغىن ئاخىرىدا مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەردىن ئىشلىرى باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۇرسۇن ياسىن يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا مۇھىم سۆز قىلدى.

(ياقۇپ ھاجى)

## تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى ئېچىلدى

تۇرپان شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2-نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3-سانلىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر يىغىنى 1996-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنى تۇرپان شەھىرىنىڭ چىچان بازىرىدا چاقىرىلدى.

شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى نۇرىدىن نىياز، مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى توختى ئابلىم، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى قادىر قۇربان قاتارلىق شەھەر رەھبەرلىرى تەكلىپكە بىنائەن يىغىنغا قاتناشتى. مۇئاۋىن شۇجى نۇرىدىن نىياز يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىنغا يەنە ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى، مىللەتلەردىن ئىشلىرى ئىدارىسى، ئىسلام جەمئىيىتى قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ رەھبەرلىرىمۇ تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى.ھەيئەتلەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئابدۇرەشىت داموللا ھاجىمنىڭ 2-سانلىق ھەيئەتلەر يىغىنىدىن بۇيانقى خىزمەتلەر توغرىسىدىكى خىزمەت دوكلاتىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئۆتتى ھەم شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى خىزمەت ۋەزىپىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە تەستىقلىدى. شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ”قوش بەشتە ياخشى“لارنى تەقدىرلەپ مۇكاپاتلاش توغرىسىدىكى قارارى ۋە شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ توقسۇندىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا ياردەم بەرگەن ئىلغار مەسچىت، دىنىي زات ۋە ئىلغار شەخسلەرنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئارقىلىق تەقدىرلەش توغرىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

(ئاخىرى 48-بەتتە)

## بۆگۈر ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

بۆگۈر ناھىيىلىك ئىسلام دىنى 2-قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى 1996-يىل 4-ئاينىڭ 5-كۈنىدىن 8-كۈنىگىچە ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يىغىن بىناسىدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىنغا ناھىيە تەۋەسىدىكى ئون يېزا، ئىككى بازاردىن 95 ۋەكىل قاتناشتى. بايىنغولىن ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ئالىم قادىر، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى لۇ شىنخۋا، ناھىيىنىڭ ھاكىمى توختى نۇرلار يىغىنغا قاتنىشىپ مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەبەيدۇللا مۇھەممەتنىياز داموللا ھاجىنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى، ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ يېڭى نۆۋەتلىك كومىتېتىنى سايلاپ چىقتى، شۇنداقلا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسىنى، يىغىن قارارىنى، يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا چىقارغان تەشەببۇسنامىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە بىردەك ماقۇللىدى.

يىغىن داۋامىدا يەنە 24 نەپەر بەشتە ياخشى دىنىي زات، 16 بەشتە ياخشى مەسچىت تەقدىرلەندى ۋە مۇكاپاتلاندى.

(تۇيغۇن ئابدۇرەھىم)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شەمشىدىن ھاجى قەشقەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى 8-ئاينىڭ 26-كۈنىدىن 9-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە قەشقەردە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈردى.

بۇ جەرياندا ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئالاھىدە تەكلىپىگە ئاساسەن ئاپتونوم رايون جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇچاستكىسى بويىچە قەشقەردە چاقىرغان مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى (باشقارمىسى) باشلىقلىرى خىزمەت يىغىنى ۋە «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىدىكى ئىلغار ئورۇن ۋە شەخسلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا قاتناشتى. ھەمدە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن بۇ ئىككى يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى، شۇنداقلا يىغىن ئەھلىگە ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، جايلاردىكى دىنىي مەكتەپ، كۇرسلارنى ياخشى باشقۇرۇش، ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ كېلەر يىللىق مۇشتەرى توپلاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرۇلۇق مۇھىم سۆز قىلدى ۋە بىر قاتار ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى. يىغىن ئارىلىقىدا، ھەرقايسى ۋىلايەتلەر ۋە بىر قىسىم ناھىيەلەرنىڭ مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىلىرى (ئىدارىلىرى) نىڭ مەسئۇللىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. شۇنداقلا قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ئۆتتى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھارۇنخان مەخسۇم ھاجىم قاتارلىق مۆتىۋەر ئۆلىمالارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىدى. قەشقەر ھېيتگاھ جامەسى، گۈزەرئازنا مەسچىتىگە بېرىپ دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش، گۇۋاھنامە تارقىتىش ۋە دىنىي پائالىيەت ئەھۋاللىرىنى ئۇقۇشتى ھەمدە بۇ خىزمەتنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە ياخشى ئىشلەنگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى باشقۇرۇشىدىكى دىنىي مەكتەپ مەسئۇللىرى بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش شۇنىڭدەك مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە كەڭ-كۇشادە پىكىر ئالماشتۇردى. (ياقۇپ ھاجى)

## باي ناھىيىلىك دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش ئۆمىكى بېيجىڭغا كەلدى

باي ناھىيىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى دىنىي زاتلارنىڭ ساپاسىنى يەنمۇ ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە ئالاھىدە راسخوت ئاجرىتىپ ئۇيۇشتۇرغان، 13 مۆتىۋەر دىنىي زات ۋە ئۆمەك مەسئۇلى، كاتىپ، تەرجىمان دوختۇر بولۇپ 18 كىشىدىن تەركىب تاپقان دىنىي زاتلار ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىش ئۆمىكى ئايروپىلان بىلەن 9-ئاينىڭ 17-كۈنى پايتەختىمىز بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئۆمەك شىنجاڭدىكى ناھىيەلەر ئىچىدە تۇنجى قېتىم ناھىيە تەشكىللىگەن ئۆمەك بولۇپ، بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىشنىڭ ھەر جەھەتتىن نەتىجىلىك بولۇشى ئۈچۈن، ناھىيە رەھبەرلىكى بۇ ئۆمەككە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، باي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى يۇنۇس سىدىق داموللا ھا-

جى، ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ئەمەت يۇسۇپ، بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ھەيئىتى ئىسكەندەر ماموتلارنى مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۆمەك ئەزالىرى ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇللىرى، ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ھەيئەت ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەردىكى ئىمام، خاتىپ، ئاخۇنلاردىن تەركىب تاپقان. بۇ دىنىي زاتلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرگە كېلىشى تېخى تۇنجى قېتىم بولۇپ، ئۇلار بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئۇلارنى ئالاھىدە ئورۇنلاشتۇردى. گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ ۋە ئىسلام باشقارمىسىدىكى يولداشلار ئۆمەك تەركىبىدىكىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى تۆھپىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ياخشى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ھەم ئۆگىنىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.

ئۆمەكتىكى بۇ پەرىشتە چىراي دىنىي زاتلار بېيجىڭدىكى مەشھۇر نيۇجې جامەسىنى زىيارەت قىلدى ھەم شۇ يەردە ناماز ئوقۇدى. ئۇلار يەنە پايتەختتىكى تيەنئەنمېن مەيدانى، خەلق سارىيى ۋە باشقا ساياھەت ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى ۋە بېيجىڭنىڭ ھەر جەھەتتىن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىغا ئاپىرىن ئېيتىشتى.

ئۆمەك ئەزالىرى يەنە 22-سېنتەبىر جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى نۇئمان ما شيەن، مۇھەممەد سەئىد ما يۈنفۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى شەمشىدىن ھاجى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى مالىك ميان قاتارلىقلار ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئېلىپ كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلار بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نامىدىن ھەربىر ئۆمەك ئەزاسىغا كىچىك نۇسخىلىق «قۇرئان كەرىم»دىن ۋە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىلىرىدىن تەقدىم قىلدى. بۇ ئۆمەك زىيارەت قىلىشتىن بۇرۇن، شەمشىدىن ھاجى، مالىك ميان قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان ھامان، ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ تۇرالغۇ مېھمانخانىسىغا بېرىپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورىغانىدى، ئۆمەكتىكىلەرنىڭ زىيارىتى ھەم ئۆگىنىشى جەريانىدىمۇ ئۇلارغا باشتىن ئاخىر كۆڭۈل بۆلدى. ئۆمەك ئەزالىرى بۇ خىل غەمخورلۇقلاردىن تەسىرلىنىپ، قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى ئېكسكۇرسىيە-ئۆگىنىشتىن ئالغان تەسىراتلىرىنى ياخشى خۇلاسىلاپ، باي ناھىيىسىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

بۇ ئۆمەك بېيجىڭدىكى پائالىيىتىنى تۈگىتىپ، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىشى بىلەن، شەندۇڭ، شاڭخەي، جياڭسۇ، جېجياڭ، شەنشى قاتارلىق جايلاردا داۋاملىق ئېكسكۇرسىيە ۋە ئۆگىنىشتە بولۇش ئۈچۈن 22-چىسلا كەچتە يولۇپ كەتتى.

(ھاجى مەھمۇدى)

www.uyghurkitap.com

## قەشقەر شەھىرىدە مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلار تەكشۈرۈلدى

مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇھىم يوليورۇقلىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداپ، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ «مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنى باشقۇرۇش ۋاقىتلىق چارىسى»نى تېخىمۇ ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئۈچۈن، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى باشقارمىسى، شەھەرلىك مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى، كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئورنى، باج ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ خادىملىرىدىن تەركىب تاپقان خىزمەت گۇرۇپپىسى 7-ئاينىڭ 15-كۈنىدىن 27-كۈنىگىچە شەھەر تەۋەسىدىكى مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلارنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈردى.

بۇ قېتىم تەكشۈرۈلگەن مۇسۇلمانچە يېمەك-ئىچمەك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن جەمئىي 400 بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە شەرتكە ئۇيغۇن بولغان 231 ئورۇنغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىلدى، شەرتكە ئاساسىي جەھەتتىن ئۇيغۇن بولغان ۋە كەمچىلىكىنى يوقىتىپ قويغان 151 ئورۇنغا گۇۋاھنامە تولۇقلاپ تارقىتىپ بېرىلدى ۋە باشقارما بىر تۇتاش لايىھىلىگەن "مۇسۇلمانچە" دېگەن ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئەرەبچە ئۈچ خىل يېزىقتىكى ۋىۋىسكا تارقىتىپ بېرىلدى. شەرتكە ئۇيغۇن كەلمىگەن 18 ئورۇنغا تەربىيە بېرىش، قائىدە سۆزلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تىجارىتى توختىتىلدى ۋە شەرتلىرى ھازىرلىنىپ، مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى تارماقلىرىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن رەسمىيەت بېجىرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تەۋسىيە قىلىندى.

بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش خىزمىتى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا ئېرىشتى ھەم بۇ ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتى قوغدالدى. (ياقۇپ ھاجى)

## تۇرپان ۋىلايىتىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئاپەتكە ئۇچرىغان توقسۇن ناھىيىسىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى

تۇرپان ۋىلايىتىدىكى دىنىي زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسى 7-ئاينىڭ 25-كۈنىدىن 8-ئاينىڭ 21-كۈنىگىچە ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچرىغان توقسۇن ناھىيىسىگە جەمئىي 422 مىڭ 214 يۈەن قىممىتىدىكى پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلق ئاممىسىغا ئۆزلىرىنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىنى يەتكۈزدى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر جاي ئاپەتكە ئۇچرىسا ھەممە جاي ياردەم قولىنى سۇنۇشتەك گۈزەل ئەخلاقىنى شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىيجاناپ ئېسىل پەزىلىتىنى نامايان قىلدى.

بۇ يىل توقسۇن ناھىيىسىدە 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈز بېرىپ، تاشيول ۋە كۆۋرۈكلەرنى كەلكۈن ئېقىتىپ كەتتى. 100 مىڭ مو زىرائەت كەلكۈن سۈيى ئاستىدا قالدى. 10 مىڭغا يېقىن ئاممىنىڭ ئۆيى كەلكۈندە ئۆرۈلگەچكە، ئۇلار ئۆي ماكانىدىن ئايرىلدى. بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 516 مىليون يۈەنگە يەتتى. ناھىيە خەلقىنىڭ زور زىيانغا ئۇچرىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان ۋىلايەتلىك

ئىسلام جەمئىيىتى ۋە ھەرقايسى ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە ناھىيە (شەھەر) لىك پارتكوم-ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاپەتكە ئۇچرىغان توقسۇن ناھىيىسىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ياردەم بېرىش توغرىسىدىكى چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، دەرھال جىددىي يىغىن ئېچىپ، كەڭ دىنىي زاتلار ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا توقسۇن ناھىيىسىگە پۇل ۋە ماددىي بۇيۇم ئىئانە قىلىش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە چىقاردى. بۇنىڭ بىلەن ۋىلايەتلىك، ناھىيە (شەھەر) لىك ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، دائىمىي ھەيئەت ئەزالىرى ۋە ھەيئەت ئەزالىرى، بىر قىسىم جامە مەسچىتلەرنىڭ ئىمام (خاتىپ) لىرى، قانۇن ۋەكىللىرى، مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتلىرى، ئالدىن بېيىغان كەسىپىي ئائىلە، تىجارەتچىلەر پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى ئىئانە قىلدى ھەم تۇرپان شەھەرلىك ۋە پىچان ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىللەپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا 12 مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى بەش توننا ئۇن، 200 كىلو بۇغداي ۋە 207 مىڭ 203 يۈەن قىممىتىدىكى نەق پۇل ۋە ماددىي بۇيۇملارنى توقسۇندىكى ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونغا ئېلىپ بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقتىن سەممىمىي ھال سورىدى. (شاھمەردان)

▲ توقسۇن ناھىيە شاھ يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن مەھمۇت قېيۇمنىڭ خەۋەر بېرىشىچە، بۇ قېتىمقى كەلكۈن ئاپىتى شاھ يېزىسىنىڭ ئالتە كەنتىنىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچراتقان. بۇ ئاپەتتىن خەۋەردار بولغان شاھ يېزىسىدىكى 17 مەسچىتنىڭ دىنىي زاتلىرى ۋە جامائىتى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىغا 8 مىڭ 519 يۈەن نەق پۇل، 3 توننا 656 كىلوگرام ئاق، قارا ئاشلىق، 45 كىلوگرام سۇ ماي، 63 پارچە كىگىز، 2000 قۇر كىيىم، 30 تاختا چاي ئىئانە قىلىپ ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى يېنىكلەتكەن. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى دىنىي زاتلاردىن مەمنۇن بولۇپ، ئۇلارنى ئالاھىدە تەقدىرلىگەن.

## ئابلىز مەخسۇم ھاجىم خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتتى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، يوپۇرغا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، بازار جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئابلىز مەخسۇم ھاجىم 1996-يىل 7-ئاينىڭ 18-كۈنى كېسەللىك سەۋەبى بىلەن 68 يېشىدا ۋاپات بولۇپ كەتتى.

ئابلىز مەخسۇم ھاجىم يوپۇرغا ناھىيە يەكشەنبە بازار يېزىسىدىن بولۇپ، 1928-يىلى تۇغۇلغان، باللىق دەۋرىدە دادىسى ئوسمان خەلپە ھاجىمدىن دىنىي ساۋات ئالغان، 1943-يىلدىن 1957-يىلغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىستە ئوقۇغان، 1958-يىلدىن بېرى ئىماملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. 80-يىلدىن بېرى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش، خەلق قۇرۇلتىيى، ئىسلام دىنى جەمئىيەتلىرىدە ۋەزىپە ئۆتىگەن.

مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئاممىنى نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلەپ، ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەن.

www.uyghurkitap.com

مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا ۋىلايەتلىك
ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن سا-
دىق قارىي ھاجىم، ئابدۇرۇشت قارىي ھاجىم ۋە
ناھىيە تەۋەسىدىكى نەچچە مىڭ ئاما ئىشتىراك
قىلدى.

مەرھۇم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئاپتونوم را-
يونلۇق ئىسلام جەمئىيىتى، ۋىلايەتلىك سىياسىي
كېڭەش، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلە-
رى باشقارمىسى، ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى
تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى ۋە مەرھۇمنىڭ ئائىلە
تاۋابىئاتلىرىدىن ھال سورىدى. (ياقۇپ ھاجى)

## قەشقەر ۋىلايەتلىك دىنىي مەكتەپ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى

قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپى
1996 -يىل 9-ئاينىڭ 10-كۈنى قەشقەر ھېيتگاھ
جامە مەسچىتىدە 5-قارارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئو-
قۇش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى، ۋىلايەتلىك
پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى مۇھەممەت ئەخلەت،
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ۋىلايەت-
لىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ۋىلا-
يەتلىك ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى
سادىق قارىي ھاجىم، ۋىلايەتلىك بىرلىك سەپ
بۆلۈمى، مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلە-
رى باشقارمىسىنىڭ رەھبەرلىرى، دىنىي مەكتەپنىڭ
بارلىق ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى، شەھەر تەۋە-
سىدىكى جۈمە مەسچىتلىرىنىڭ ئىمام، خاتىپلىرى
بولۇپ 300دىن ئارتۇق كىشى ئوقۇش باشلاش
مۇراسىمىغا ئىشتىراك قىلدى.

يىغىنغا ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇرۇشت قارىي ھاجىم رىياسەت-
چىلىك قىلدى، دىنىي مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى
مۇھەممەت ئىمىن قارىم «قۇرئان كەرىم»نىڭ «يا-
سىن» سۈرىسىنى تىلاۋەت قىلدى. يىغىندا مۇھەم-
مەت ئەخلەت، سادىق قارىي ھاجىم مۇھىم سۆز
قىلدى.

بۇ قېتىم قوبۇل قىلىنغان ئوقۇغۇچىلار 40
نەپەر بولۇپ، ئۇلار ۋىلايىتىمىزدىكى 12 ناھىيە(
شەھەر)نىڭ چەت، يىراق يېزا(بازار)لىرىدىكى
مۇقىم ئىمامى يوق مەسچىتلىرىگە نىشانلىق تەربى-
يىلەپ بېرىلىدىغان خادىملاردىن ئىبارەت. ئۇلار-
نىڭ ئوقۇش مۇددىتى ئۈچ يىل بولۇپ، ئاساسلىقى
«قۇرئان كەرىم»، ھەدىس-شەرىپ، فىقھە، ئىسلام
ئەقىدىلىرى، ئىسلام تەلىماتى، تەجۋىد، ئەرەب تىلى
ۋە مەلۇم مىقداردا سىياسەت، مەدەنىيەت دەرسلىرى
ئوقۇتۇلىدۇ. ئوقۇش خىراجىتىگە مەكتەپ مەسئۇل
بولىدۇ. دىنىي دەرسلەرنى ھارۇنخان مەخسۇم ھا-
جىم، سادىق قارىي ھاجىم، ئابدۇرۇشت قارىي ھا-
جىم، غېرىپشاھ قارىي ھاجىم قاتارلىق ئۆلىما-مۇ-
دەررىسلەر ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ.

مەمۇرىي مەھكىمە مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى
باشقارمىسىنىڭ باشلىقى مىجىت باقى يىغىن ئاخىر-
لىشىش ئالدىدا مۇھىم سۆز قىلدى ھەمدە ئوقۇغۇ-
چىلاردىن ياخشى ئۆگىنىپ، ۋەتەننى، دىننى سۆيە-
دىغان لاياقەتلىك دىنىي ئىزباسارلاردىن بولۇشنى
تەلەپ قىلدى. (ياقۇپ ھاجى)

## پىچان ناھىيىسىدە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى

تۇرپان ۋىلايىتىدە ئۆتكەن يىلى 10-ئايدا ۋىلايەت
بويىچە دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىملاش خىزمىتى
ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، پىچان ناھىيە-
سى ناھىيە تەۋەسىدىكى دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى

تىزىملاش ۋە گۇۋاھنامە تارقىتىش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەچكە، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى تىزىمغا ئېلىش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى.

پىچان ناھىيىسى ئالدى بىلەن كەڭ دىنىي زاتلار ۋە ئېتىقادچى ئامما ئارىسىدا دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، تىزىملاش، گۇۋاھنامە تارقىتىپ بېرىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، بەش يېزا، بەش بازار ۋە بىر ئۈزۈمچىلىك تەرەققىيات شىركىتىدىن بولۇپ 68 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئون رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى قۇرۇپ چىقتى. مەسچىتلەردە مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلىيىتى، مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈمى، ئىماملارنىڭ رۇخسەت سوراش تۈزۈمى قاتارلىق بىر قاتار تۈزۈملەر ئورنىتىلدى. گۇۋاھنامە تارقىتىلغان 321 مەسچىت ئىچىدە 304 ئىمام 12 دېموكراتىك مەسچىت باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، بەش نەپەر مەزىن قانۇن ۋەكىللىكىنى ئۈستىگە ئالدى. 1995-يىللىق خىزمەتلەردە نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان "قوش بەشتە ياخشى45 " مەسچىت، 55 نەپەر دىنىي زات تەقدىرلىنىپ مۇكاپاتلاندى.

(شاھمەردان)

## ئاقساقمارال يېزىسىدا دىنىي ئىشلار خىزمىتى ياخشى ئىشلەنمەكتە

مارالبېشى ناھىيىسىنىڭ ئاقساقمارال يېزىسىدا ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي سىياسەتلىرى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىزچىللاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ھەر جەھەتتىن يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. بۇ يېزىدا 73 دىنىي پائالىيەت سورۇنى، 151 نەپەر دىنىي زات بولۇپ، ئۇلار دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن، قائىدە-نىزام، بەلگىلىمىلىرىنى ئۆگىنىشكە كۆپ قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلدى ۋە ئۇلار ئارىسىدا "بەشتە ياخشى مەسچىت"، "بەشتە ياخشى دىنىي زات" بولۇشتا دوستانە بەستلىشىش مۇسابىقىسى قانات يايدۇرۇلدى، نەتىجىدە جەمئىيەت مۇقىملىقى ئىلگىرى سۈرۈلۈش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىشلەپچىقىرىش كاپالەتلىنىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش يىلدىن-يىلغا يۈكسىلىپ، بۇ يېزا ۋىلايەت بويىچە پاختىدا تۇنجى 100 مىڭ دەنلىك ئۆتكەلنى بېسىپ ئۆتتى. دىنىي زاتلار ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ بېيىشتا باشلامچى بولۇپ، يېزا بويىچە 1993-يىلدىن ھازىرغىچە مەكتەپ، يول، سۇ قۇرۇلۇشى، مەسچىت رېمونت قىلىش قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇشىغا 173 مىڭ 245 يۈەن ئىئانە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نامايان قىلدى.

(مۇھەممەت ئەمەت)

## ئاقتۇ ناھىيىسى نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانۇنىي كاپالەتكە ئىگە قىلدى

ئاقتۇ ناھىيىسى يېقىندىن بۇيان دىنىي قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ، دىنىي سورۇنلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلماقتا.

بۇ ناھىيىدە دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 90 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ، ناھىيە بويىچە جەمئىي 562 دىنىي پائالىيەت سورۇنى، 570 نەپەر دىنىي زات بار. بۇ ناھىيە 1995-يىلدىن بۇيان تۆت قارار دىنىي زاتلار، ئۈچ قارار بىرلىك سەپ خادىملىرى ۋە دىنىي خادىملارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، پارتىيەنىڭ مىللىي ۋە دىنىي سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ ئۇلارنىڭ دىنىي كۆز قارىشىنى يۇقىرى كۆتەردى. بۇ ناھىيە يەنە قابىل ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارنى تاللاش، يېزىلارنىڭ مىللىي دىنىي خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ھەرقايسى يېزا-بازار، مەيدانلاردا ئىشخانا تەسىس قىلىپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى بىرلىك سەپ خادىملىرىنى تەربىيىلىدى ھەم دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئون تۈرلۈك بەلگىلىمە تۈزۈپ، ھەربىر مەسچىت ۋە دىنىي زاتلارغا تارقىتىپ بەردى. (سايرا يۇسۇپ)

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇڭ

## بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

مۆھتەرەم مۇسۇلمان قېرىنداشلار ۋە ژۇرنىلىمىزغا
زوقمەن دوستلار:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەز-
نىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بە-
لەن، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ يې-
تەكچىلىكىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باش-
قۇرۇشىدا چىقىۋاتقان، ئاشكارا تارقىتىلىدىغان بىر-
دىنبىر مەملىكەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال ئىسلام
ژۇرنىلى. مەزكۇر ژۇرنالدا مۇناسىۋەتلىك ئومۇمىي
خەۋەرلەر ۋە ئوبزورلار، مەملىكىتىمىزنىڭ دىن-مىل-
لەتلەر ئىشلىرىغا دائىر سىياسەت، يوللىنىش، قا-
نۇن، نىزام، بەلگىلىمىلەردىن باشقا، ئىسلام ئەقى-
دىلىرى، شەرىئەت تەھلىللىرى، ئىسلام ئىلمى ۋە
مەدەنىيىتى، ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى، دىن تارىخى
بىلىملىرى، ۋەز، دىنىي كىتابلار، ئالىم-ئۆلىمالار،
مەسچىت-مەدرىسلەر، مۇسۇلمانلار تۇرمۇشىدىن
تەرمىلەر، سىياسەت، قانۇن-نىزاملار ۋە قانۇنىي
ھوقۇق-مەنپەئەت، ياش ئالىملىرىمىز، تۆھپىكار
دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلار، ئىسلام ئەللىرى، ئىس-
لام دىنى غەيرىي ئىسلام ئەللىرىدە، ئىسلام جەمئى-
يەتلىرى پائالىيەتلىرى، ئىسلام دۇنياسى بويىچە
خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر، ئىسلام دۇنياسىد-
كى ئىچكى-تاشقى خەۋەرلەر، ئىسلامىيەتكە دائىر
ماتېرىياللار ۋە كىتابلار، ئىسلامىيەت بىلىم گۈلزارى،
مۇشتەرىلەردىن خەت-چەكلەر، ئىسلامىيەتكە دائىر
ماقال-تەمسىل ۋە ھۆسن خەتلەر دىگەنگە ئوخشاش
سەھىپىلەر ئېچىلدى. بولۇپمۇ شىنجاڭ مۇسۇلماد-
لىرى ئەھۋالىغا دائىر ماقالىلەر ۋە مىللىي ئالىم-ئۆ-
لىمالارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىدۇ.

1995-يىلىنىڭ ئاخىرى، گوۋۇيۈەن دىن
ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مەزكۇر ژۇرنالغا مۇشتەرى
توپلاش ۋە ئۇنى تارقىتىش توغرىسىدىكى ئالاقىسى-
گە ئاساسەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدارىسى بۇ ژۇرنالنىڭ
مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش، ماقالە ئۇيۇش-
تۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا
جايلارغا مەخسۇس ئۇقتۇرۇش تارقاتقانىدى. شۇ-
نىڭدىن بۇيان ھەرقايسى ۋىلايەت (ئوبلاست)،
شەھەر، ناھىيە (شەھەر) لەردىكى مۇناسىۋەتلىك
تارماقلارنىڭ بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى
بىلەن ژۇرنالنىڭ 1-، 2-سانلىرى 30 مىڭ نۇس-
خىدىن تارقىتىلدى.

شىنجاڭ رايونىدا مەزكۇر ژۇرنالنىڭ مۇشتە-
رى قوبۇل قىلىش ۋە تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن دىن ئىشلىرى ئىدار-
سىنىڭ بۇ يىل چۈشۈرگەن ئالاقىسىگە ئاساسەن،
ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى ئىدار-
سىنىڭ تەستىق ئۇقتۇرۇشى بىلەن، شىنجاڭدا
«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى "شىنجاڭ تارقە-
تىش پونكىتى" تەسىس قىلىندى. بۇ پونكىت
شىنجاڭ رايونىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقە-
تىش ۋە ژۇرنال پۇلىنى يىغىش خىزمىتىگە مەسئۇل
بولىدۇ. جايلاردا مۇشتەرى قوبۇل قىلىشقا يەرلىك
مىللەتلەر-دىن ئىشلىرى تارماقلىرى ياكى ئىسلام
جەمئىيەتلىرى مەسئۇل بولىدۇ، يېزىلاردا بىرلىك
سەپ خادىملىرى مەسئۇل بولىدۇ.

مەزكۇر ژۇرنال 16 فورماتلىق، 64 بەتلىك

(رەڭلىك مۇقاۋىسى بىلەن 68 بەتلىك) پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، ھەر يىلى تۆت سان چىقىدۇ. 1996 -يىللىق تاق باھاسى 2.80 يۈەن، يىللىق باھاسى 11.20 يۈەن. 1997-يىللىق تاق باھاسى ئۈچ يۈەن، يىللىق باھاسى 12 يۈەن. 1997-يىللىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى ھازىر باشلاندى. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىللىق سانلىرىغا يېگىدىن مۇشتەرى بولغۇچىلار بىۋاستە تارقىتىش پونكىتىغا ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە پۇلنى يوللاپ بەرسە ژۇرنالنىڭ ئۆتكەنكى سانلىرى تولۇقلاپ ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. 1997-يىللىق ژۇرنالغا مۇشتەرى بولالمىغانلار بىۋاستە تارقىتىش پونكىتىغا ياكى تەھرىر بۆلۈمىمىزگە مۇشتەرى بولسىمۇ بولىدۇ، ژۇرنال پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرىلەرنىڭ ئۆزىگە ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ.

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، مەسچىت-جامەلەرنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مەكتەپ، مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ژۇرنىلىمىزغا پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتىنىڭ ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى يەنئەن يولى 119-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2865729 (0991)

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئادرېسى: بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100053 تېلېفون نومۇرى: 63513181(010)

**جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

(بېشى 42-بەتتە) ھارام" دەپ قارايدۇ. تەنتاۋى بولسا "ئامانەت قويغۇچى پايدىغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلمىسا ۋە ئۇنى ئىجتىمائىي، جامائەت ئىشلىرىغا بېغىشلىسا، ئۇ ھالدا بانكا تەرەپتىن ئېرىشكەن مۇكاپات خاراكتېرلىك پايدا مەقبۇل ۋە ھالال" دەپ قارايدۇ. دوكتور تەنتاۋى ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ھامان بەزى مۇخبىرلار ئۇنىڭدىن، ئالدىنقى قارارلىق شەيخ بىلەن سىزنىڭ ئوتتۇرىڭىزدا دىنىي ئىدىيە جەھەتتە ئىختىلاپ بارمۇ قانداق؟ دەپ سورىغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: "بۇنداق ئىختىلاپ نورمال ئەھۋال، بۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىختىلاپلار ساھابىلەر زامانىسىدىلا مەۋجۇت ئىدى، فەقىھلەر ئارىسىدىمۇ مەۋجۇت. بۇ ئىختىلاپلار پەقەت شەرىئەت مەسىلىلىرىنى چۈشىنىش جەھەتتىلا بولىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، خەلىپە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر ئوتتۇرىسىدىمۇ بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئىجتىھات ئۇسۇلى جەھەتتە بىرمۇنچە ئىختىلاپلار بولغان، ئەمما بۇ ھال ئۇلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئىززەتلەش، ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشقا تەسىر يەتكۈزمىگەن، شۇنىڭدەك بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئىختىلاپمۇ بىزنىڭ دوستانە مۇناسىۋىتىمىزگە تەسىر كۆرسەتكىنى يوق."

تەنتاۋى، مۇسۇلمان ئاياللار ئىسلام شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلمىغان ئەھۋالدا، جەمئىيەتكە چىقىپ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ خىزمەتنى قىلسا بولىدۇ، دېگەن قاراشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئىگەللىشىمىزچە، يېڭى شەيخ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئۈستىدە زۆرۈر تەرتىپكە سېلىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بارماقچىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# زۇرنىلىمىز ئىئانىچىلىرىغا تەشەككۈر

ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ژۇرنالدىن بەھرىمەن بولغان بىر قىسىم دىنىي قېرىنداشلار، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئۆزلۈكىسىز تۈردە ئۆز ئىختىيارى بىلەن خالىسانە ئىئانە ئەۋەتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ژۇرنىلىنى قوللايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇ ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخىمۇ مەزمۇنلۇق ۋە سۈپەتلىك چىقىشىغا بېرىلگەن زور ئىلھام ۋە مەدەت. ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى ئۇلارغا مىڭ مەرتىۋە تەشەككۈر ئېيتىدۇ.

ئالالاتائالا ئۇلارغا ئىككى ئەلەملىك بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي—ئامىن!

يەنە بىرمۇنچە شەخسلەر ياكى ئورۇنلار خەت يېزىپ ياكى تېلېفون بېرىپ، ژۇرنالغا ئىئانە قىلىدىغان پۇلنى قانداق يوللاش ۋە قانچىلىك ئەۋەتىش ھەققىدە مەسلىھەت سوراۋاتىدۇ. ئىئانە شۇ شەخس ياكى ئورۇننىڭ نىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان، ئىقتىسادىي ئەھۋالغا قاراپ ئىختىيارىي بولىدىغان خالىسانە ھەدىيە بولۇپ، پۇل سانىنىڭ ئاز-كۆپلۈكى چەكلەنمەيدۇ. ئىئانە قىلغۇچىلار ئىئانىسىنى ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاستە ئەۋەتسە بولىدۇ، يەرلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى ياكى ئىشەنچلىك شەخسلەر ئارقىلىق تويلاپ يوللاپ بەرسىمۇ بولىدۇ. ئىئانە تاپشۇرۇۋېلىنغان ھامان تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم-فامىلە-سى، يۇرتى، ئىئانە قىلغان پۇل سانى ژۇرنالدا ئاشكارا ئېلان قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسمى چىققان ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. مىڭ يۈەن ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىئانە قىلغۇچىلارنىڭ ئىسىم-شەرىپى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئاخىرقى بېتىدىكى ”شەرەپلىك مۇشتەرىلەر“ سەھىپىسىدىن بىر يىلغىچە ئورۇن ئالىدۇ ۋە بىر يىللىق ژۇرنال ئەۋەتىپ بېرىلىدۇ. شۇڭا ئىئانە قىلغۇچىلا-رنىڭ ئۆزىنىڭ تەپسىلى ئادرېسى ۋە پوچتا نومۇرىنى ئېنىق يېزىپ ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

**ئەسكەرتىش:** ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىسى چەكلىك بولغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ ساندا ئېلان قىلىنماقچى بولغان بىر تۈركۈم ئىئانىچىلارنىڭ ئىسىم-شەرىپى كېيىنكى ساندا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ قالدى، ئۇلاردىن ئالاھىدە كەچۈرۈم سورايمىز.



ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى كەڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بول-
دى. سۈرەتتە مۇسۇلمانلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ژۇر-
نال ئوقۇماقتا.



ئۇيغۇرچە «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى شەمشىدىن ھاجى دىنىي زاتلار بىلەن ژۇرنال توغرۇلۇق سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



«جۇڭگو مۇسۇلمانلە-
رى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكى خادىملار ژۇرنال-
نى سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈ-
چۈن ژۇرنال ماقالىلىرىنى ئەستايىدىل تەھرىرلىمەكتە.




## كىچىك نۇسخىلىق «قۇرئان كەرىم» نەشردىن چىقتى

مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ «قۇرئان كەرىم»گە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز 64 فورماتلىق كىچىك نۇسخىلىق ئەرەبچە «قۇرئان كەرىم»نى نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتتى. بۇ جەمئىيىتىمىز قۇرۇلغان 40 نەچچە يىلدىن بۇيان نەشر قىلدۇرغان تۇنجى كىچىك نۇسخىلىق «قۇرئان كەرىم»دۇر. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 110 مىللىمېتر، كەڭلىكى 80 مىللىمېتر، قېلىنلىقى 16 مىللىمېتر، ئېغىرلىقى 138 گرام بولۇپ، ياندا ئېلىپ يۈرۈپ ئوقۇشقا ۋە ساقلاشقا قولايلىق. بۇ «قۇرئان كەرىم» «قۇرئان كەرىم»لەرنىڭ مەتبەئە ۋە بېزەش سەنئىتى جەھەتتە بىرقەدەر سۈپەتلىك نەشر قىلىنغان نۇسخىسىدىن ئېلىنغان بولۇپ، خەتلىرى ئېنىق، رەڭلىك ھۈنەر سەنئىتى يۇقىرى، ئىمپورت قىلىنغان ئالىي دەرىجىلىك قەغەزگە بېسىلغان. ئۇنى جەمئىيىتىمىز پۈتۈن مەملىكەتكە ئاشكارا تارقىتىدۇ. ھەربىرى 20 يۈەن، يۈزدىن ئارتۇق ئالغۇچىلارغا ئون پىرسەنت ئېتىبار قىلىنىدۇ. بىر نۇسخىغا 2.50 يۈەن پوچتا ھەققى قوشۇلىدۇ، ئېلىشنى خالىغۇچىلار پۇلنى پوچتا ئارقىلىق تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتسە بولىدۇ.

ئادرېسىمىز: بېيجىڭ شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجېي كوچىسى 103-قورۇ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى.

ئالاقىلاشقۇچى: شەمشىنۇر، ئەنۋەر مۇھەممەد پوچتا نومۇرى: 100053 تېلېفون نومۇرى: 63513181

## ژۇرنىلىمىزنىڭ 1996-يىللىق شەرەپلىك مۇشتەرىلىرى

شىنجاڭ مۇسۇلمانلار ساياھەت ئىدارىسى

غۇلجا شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن: ئابدۇشۈكۈر ھاجىم

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابدۇۋاھىت ئەمەت

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابلىز ھاجى

ئۈرۈمچى شەھىرىدىن (ھازىر بېيجىڭدا تىجارەتچى): ئابلەھېكىم ئىبراھىم ھاجى

中国穆斯林(维吾尔文版) 1996 年第三期(总 40 期) جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 1996-يىل 3-سان(ئومۇمىي 40-سان)

刊号:CN11—1346/B 订价: 2.80 元 ژۇرنال نومۇرى: CN11—1346/B باھاسى: 2.80 يۈەن

公开发行 ئاشكارا تارقىتىلىدۇ